# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

## INFORMATION OF CENTRAL ASIA

## 中亚信息



6

1998

# 目 次

1998 年第 6 期 (第 83 期)

新疆维吾尔自治区科学技术委员会
主 办
(双月刊)

编委会:
主任委员:
张曰知
副主任委员:
顾家骝
王本年
夏尔甫丁·夏木西
委员:
姑丽素木
艾来提
米娜娃
主编:
姑丽素木
执行主编:
艾来提
编辑与翻译:
米娜娃
牙尔买买提
穆娅莎
本期责任编辑:
穆娅莎

每月 25 日出版

## 综述

哈国的科学著作及学位鉴定机制…………………… (3)
哈萨克斯坦共和国迁都纪实…………………………… (5)

## 投资

哈萨克斯坦的投资气候………………………………… (9)
美国在里海大陆和卡拉恰甘纳克投资勘探开采石油 …… (12)

## 石油与天然气

阿特劳石油加工厂的石油产量严重下降 ……… (13)
土库曼斯坦急需石化设备 ……………………… (15)
新疆油气开发技术首次打入国际市场 ………… (17)
土耳其石油公司开始在阿克纠宾斯克州勘探石油 ……… (18)

## 法规条令

俄罗斯的商品认证制度 ………………………… (19)
"比什凯克"自由经济区条例 …………………… (21)
亚美尼亚共和国涉外税法 ……………………… (27)

## 经济合作

瑞士和联合国帮助提高哈国出口产品竞争力 … (29)

## 周边动态

近一半哈萨克斯坦居民在忍受贫穷 …………… (31)
哈国努力解决失业问题 ………………………… (30)

## 国际联网信息

俄不打算大量进口粮食 ………… (46)
哈国新首都物价增长 …………… (18)
俄罗斯 99 年国际展动态 ………… (47)

## 外贸信息

中亚客商在 '98 乌恰会取得丰硕成果 ………… (34)
中国驻中亚商务参赞报告会在乌举行 ………… (33)
第二届中亚问题国际研讨会在乌召开 ………… (35)
哈国稳定食糖市场,恢复和发展食糖生产……… (40)
吉尔吉斯斯坦经济出现增长 …………………… (36)
吉国烟草业已受制于外国 ……………………… (39)

## 科技信息

哈萨克斯坦国家情报研究所代表团访问我区 … (46)
中国同中亚五国政府间科技合作研讨会在新疆举办 …… (43)
哈吉召开"教育计算机现状及前景"会议 ……… (44)
IGCP－420 国际研讨会在新疆召开 …………… (16)
哈国将建成 GSM 通信系统 …………………… (45)

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

1988- يىلىدىن باشلاپ
نەشر قىلىنىۋاتىدۇ
1998- يىل 6- سان
ئومۇمىي 83- سان

**تەھرىر ھەيئىتى:**

**مۇدىر:**
جاڭ يۆجۈ

**مۇئاۋىن مۇدىرلار:**
گۇجيايۈي
ۋاڭ بىننىيەن
شەرىپىدىن شەمشى

**ھەيئەت ئەزالار:**
گۈلسۇم ئابدۇۋايىت
غەيرەت توختى
مۇنەۋۋەر قادىر

**مەسئۇل مۇھەررىر:**
گۈلسۇم ئابدۇۋايىت

**مەخسۇس مەسئۇل مۇھەررىر:**
غەيرەت توختى (04)

**مۇھەررىر ۋە تەرجىمانلار:**
مۇنەۋۋەر قادىر (01)
يارمۇھەممەت ئىبراھىم (02)
مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم (03)

**بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:**
مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم

ھەر ئاينىڭ 25- كۈنى
نەشردىن چىقىدۇ

**«ماتېرىيال»**

قازاقىستاننىڭ ئىلمىي ئەسەرلەر ۋە ئىلمىي ئۇنۋان باھالاش مېخانىزمى ...... (3)
قازاقىستاننىڭ پايتەخت كۆچۈرۈش ئەھۋالى ... (5)

**«مەبلەغ سېلىش»**

قازاقىستاننىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى...... (9)
ئامېرىكا كاسپىي دېڭىز يانتۇلۇقى ۋە قاياچاغاناقتا نېفىت تەكشۈرۈپ چارلاش ۋە قېزىشقا مەبلەغ سالدى ...... (12)

**«نېفىت ۋە تەبىئىي گاز»**

ئاتراۋ نېفىت زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى...... (13)
تۈركمەنىستان نېفىت - خىمىيە ئۈسكۈنىلىرىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولماقتا ...... (15)
شىنجاڭنىڭ نېفىت - گاز ئېچىش تېخنىكىسى تۇنجى قېتىم خەلقئارا بازارغا بۆسۈپ كىردى ...... (17)
تۈركىيە نېفىت شىركىتى ئاقتۆبە ئوبلاستىدا نېفىت تەكشۈرۈپ چارلاشنى باشلىدى ...... (18)

**«قانۇن - بەلگىلىمە»**

رۇسىيىنىڭ تاۋارلارغا گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمى ...... (19)
«بېشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون نىزامنامىسى ...... (21)
ئەرمېنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دىپلوماتىيە باج قانۇنى ...... (27)

**«ئىقتىسادىي ھەمكارلىق»**

شۋېيتسارىيە بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قازاقىستاننىڭ تاۋار ئېكسپورت قىلىشتىكى رىقابەت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بەردى ... (29)

## «قوشنا ئەللەردە»


قازاقستان ئاھالىلىرىنىڭ يېرىمى دېڭىزدەك نامراتلىقتا ياشىماقتا ........................ (31)
قازاقستان ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى تىرىشىپ ھەل قىلماقتا ........................ (30)


## «ئىنتېرنېت ئۇچۇرلىرى»


رۇسىيە ئاشلىق ئىمپورت قىلىشنى كۆپەيتمەيدۇ ........................ (46)
قازاقستاننىڭ يېڭى پايتەختىدە مال باھاسى ئۆرلىدى ........................ (18)
رۇسىيەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان 99-يىللىق خەلقئارا كۆرگەزمىلەر(47)


## «چېگرا سودا ئۇچۇرلىرى»


ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى 98-يىللىق ئۈرۈمچى كېڭەشش يىغىنىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ........................ (34)
جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە تۇرۇشلۇق سودا ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ........................ (33)
ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسى خەلقئارا يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى ........................ (35)
قازاقستان شېكەر بازىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، شېكەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى ........................ (40)
قىرغىزستاننىڭ ئىقتىسادىدا ئېشىش بولدى ........................ (36)
قىرغىزستاننىڭ تاماكا سانائىتى چەت ئەلنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى ........................ (39)


## «پەن-تېخنىكا ئۇچۇرلىرى»


قازاقستان ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىزدا ........................ (46)
جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى ........................ (43)
قازاقستان بىلەن قىرغىزستان «مائارىپنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى» توغرىسىدا يىغىن ئاچتى ........................ (44)
IGCP-420 خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى شىنجاڭدا ئېچىلدى ........................ (16)
قازاقستان GSM ئالاقىلىشش سىستېمىسى قۇرماقچى ........................ (54)


## «يۇمۇرلار»

# قازاقىستاننىڭ ئىلمىي ئەسەرلەر ۋە ئىلمىي ئۇنۋان باھالاش مېخانىزمى

ھەممىگە ئايانكى، قازاقىستان ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەردە ئىلمىي ئەسەرلەرنى ۋە يازغۇچىلىرنىڭ ئىلمىي ئۇنۋانىنى باھالاش تۈزۈمى ئىلگىرىلا مۇقىملىشىپ بولغانىدى. نۆۋەتتە يەنىلا شۇ تۈزۈم يۈرگۈزۈلمەكتە. مەزكۇر تۈزۈمنىڭ يادروسى بولسا ئىلمىي ئۇنۋانىنى دىسسېرتاتسىيە قىلىش كەسپىي كومىتېتىدۇر.

ھازىر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە نەچچە يۈزلىگەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كومىتېتلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ. ئارفالاب دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىلا بۇنداق كومىتېتلاردىن 28 ى بار بولۇپ، قىلىۋاتقان خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتى زور، ئۇلار ياش ئالىملارنى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا جەلپ قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئىلمىي باھا بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ شتاتىنى بەلگىلەش ئۇسۇلى، تەشكىلىي تۈزۈلمىسى، مەسلىنى مۇھاكىمە قىلىش ئالاھىدىلىكى، قارار ماقۇللاش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۇلارنى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ئەنئەنىۋىي دېموكراتىك ئىستىلىنى ساقلاپ كەلگەن ئورگان دەپ قاراشقا بولىدۇ. كومىتېتنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەت جەريانىدا شەكىللەنگەن دېموكراتىك ئىستىلى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئىلىم-پەننىڭ ھوقۇق ئورگانلىرىدىن مۇستەقىل ئىكەنلىكىنى ۋە غەيرىي كەسپىي ئامىنىڭ چۈشەنچىسىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

پۈتكۈل ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر شۇنى بىلىدۇكى، ئالىي باھالاش كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئورگىنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرماستىن، بەلكى كېڭىشىش ۋە تەڭشەش ئورگىنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئۇ ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئەڭ ئاخىرىدا تەستىقلاش ياكى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقى بار بولغاچقا، دۆلەتنىڭ ھوقۇق تۈزۈلمىسىدە مۇناسىۋەتلىك ئورگان تەسىس قىلىندى. بۇ ئورگان ئەڭ دەسلەپتە ئالىي باھالاش كومىتېتى دەپ ئاتالدى. كېيىن دۆلەتلىك باھالاش كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلدى، ھازىر بولسا ئىلىم-پەن خادىملىرىنى باھالاش مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. شەك-شۈبھىسىزكى، ئۆتكەنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە بۇ ئورگاننىڭ خىزمىتى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ باردى. ئۇ كەينى-كەينىدىن كېلىۋاتقان ئىلمىي ماقالىلارنى تەرتىپ بويىچە رەتلەپ چىقىپ، پەن-تېخنىكا تەتقىقاتىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە كاپالەتلىك قىلدى. ئىلمىي ئەسەر ۋە ئىلمىي ئۇنۋانلارنى باھالاش تەرتىپىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈردى.

شۇنداق بولغاچقا، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان ۋە ئاسىيادىكى باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ھەتتا ئافرىقا قىتئەسىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ قازاقىستاننىڭ كەسپىي ئىلمىي

ماقالە كومىتېتىدا دىسسېرتاتسىيە قىلىشقا باشلىدى.

ئىلىم-پەن خادىملىرىنى باھالاش مەھكىمىسى دېگەن نامنىڭ ئۆزىمۇ باشقىچە پىكىرلەرنى قوزغىدى. بۇ مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى دەل ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىزمەتچى خادىملار ـ ئاسسىستېنت ۋە پراكتىكانت تەتقىقاتچىدىن ئاتاقلىق ئالىم، پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ھەم ئالىي مەكتەپنىڭ مۇدىرىغىچە ھەممىسىنىڭلا ئىلىم-پەن خادىمى دەپ ئاتىلىشىدا. ناھايىتى روشەنكى، ئۇلارنى باھالاش ئىلىم-پەن خادىملىرىنى باھالاش كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيە دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. مەزكۇر ئورگان كەسپىي ئىلمىي ماقالە كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىپ ۋە ئۇنى تەگشەپ، دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى ـ زور ئىستىقبالغا ئىگە ئىلمىي تەتقىقاتلارغا قارىتا ئەڭ ئاخىرقى باھالاش ئېلىپ بارىدىغان كومىتېتلاردىن ئىبارەت كوللېكتىپ ئورگان سۈپىتىدە خىزمەت ئېلىپ بېرىشى، ئالىملارنى باھالاشقا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىشنى ئەڭ مۇھىم خىزمەت قىلىپ بېكىتىشى كېرەك.

ئالىملارنى توغرا باھالاش ئۈچۈن ئىلمىي باھالاش جەريانىدىكى مۇداخىلەنى ئازايتىپ، ئەڭ تۆۋەن چەككە كەلتۈرۈپ، ئىلمىي باھالاش كومىتېتىدىكى خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتىرىش ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئاۋاز بېرىشتىكى ھاكىم مۇتلەقلىقنى يوقىتىش مەزكۇر ئورگاننىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇشى كېرەك. ئىبادەت قۇدرەت (ت)

---

( بېشى 14 ـ بەتتە )

ھەسسىدارلىق شىركىتى 0.1% پايغا، «ئالماس. ئېنېرگىيە» شىركىتى 0.06% پايغا، باشقا ساھەدىكىلەر 13.9% پايغا ئېرىشىدۇ.

شۋېيتسارىيە تېلېفون شىركىتىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئۇ. جېمىس مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: پاي چېكى تارقىتىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پاينىڭ نىسبىتى 41% بولغانىدى. كېيىن بۇ نىسبەت ئۆزگەرمىدى، مەيلى قانۇنىي ئىگە ياكى تەبىئىي شەخسلەر بولسۇن، ئۇلار سېتىۋالغان پاي چېكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پاينى ئىگىلىمەيدۇ. دۆلەت مۈلكى كومىتېتى شۋېيتسارىيە تېلېفون شىركىتىنىڭ ئاتراۋ نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قارمىقىدىكى بەش كارخانا ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى قانۇنسىز سودا دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسى بۇ كارخانىلارنىڭ پاي چېكىنى سېتىش ھوقۇقى يوق. بىراق كېيىن مالىيە مىنىستىرلىكى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ۋە قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە كومىتېتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى نەتىجىسىدە بۇ مەسىلە ئايدىڭلاشتى، يەنى كارخانىنىڭ پاي چېكىنى سېتىش ھەرىكىتى قانۇنلۇق، كارخانىلار پەقەت مۇقىم مۈلۈكلەرنىلا دۆلەت مۈلكى كومىتېتىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. پاي چېكى بولسا مۇقىم مۈلۈك ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تېلېفون شىركىتى بويىچە ھېچقانداق مەسىلە يوق دەپ قارايدۇ. ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق كىشى شىركەتكە نىسبەتەن باشقىچە پىكىردە بولمىدى. پاي ھوقۇقىنى ئۆتكۈنۈپ بېرىشكە كەلسەك، بۇ مەبلەغ جەلپ قىلىپ نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا ئىشلىتىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.(02)

# قازاقىستاننىڭ پايتەخت كۆچۈرۈش ئەھۋالى

قازاقىستاننىڭ يۇقىرى قاتلام ئورگانلىرى يېڭى پايتەخت ـ ئاستانە شەھىرىگە كۆچۈپ بولدى. بىز پايتەخت كۆچكەندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا دۆلەتنىڭ بىرقىسىم مىنىستىر ۋە كومىتېت رەھبەرلىرىنى زىيارەت قىلدۇق.

قازاقىستاننىڭ قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى يېركىن قارىبېۋ مۇنداق دېدى: بىزدە ھازىر يېڭى پايتەخت بولۇپلا قالماستىن يېڭى ھۆكۈمەتمۇ بار بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خىزمەتلىرىمىزدە پەيدا بولغان نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى يېڭى خىزمەت ئۇسۇلى بەلگىلىگەن. مىنىستىر، كومىتېتلىرىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، بىز ھۆكۈمەت چۈشۈرگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش بىلەن بىرگە دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىنى قانداق قىلغاندا ياخشىلىغىلى بولىدۇ، دېگەن يېڭى پىلانلارنى ئويلاۋاتىمىز ھەم يېقىندا مىنىستىرنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا تاپشۇرىمىز. «2030 ـ يىلغىچە تۈزۈلگەن زۇڭتۇڭ پروگراممىسى»دا قاتناش ترانسپورت ئۇنىۋېرسال مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى تارماقلار تەرەققىيات پىلانىنى پائال تۈزۈۋاتىمىز. تۈزگەن پىلانلىرىمىز ناھايىتى قوللىنىشچان بولغاچقا چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش جەھەتتە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. يېڭى پايتەختنىڭ قاتناش ترانسپورت ئۇنىۋېرسال مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇش جەھەتتە، نۆۋەتتە چېگرىدىن ئۆتىدىغان ئاپتوموبىللار ئۈچۈن مەخسۇس ئايلانما شەكىللىك يول قۇرۇش ۋە ئايرودرومغا بارىدىغان يولنى كېڭەيتىش پىلانلىنىۋاتىدۇ. 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بىز ياپونىيە بىلەن بىزگە 180 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بېرىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدۇق. دۇنيا بانكىسىمۇ يېڭى پايتەخت ئۈچۈن ھەر خىل ئاپتوموبىل بىلەن تەمىنلىمەكچى بولدى. تۆمۈريول مۇئەسسەسەلىرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق 1998 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئاستانىدىن ئالما ـ ئاتاغا قاتنايدىغان پويىزنىڭ ۋاقتى ئەسلىدىكى 20 سائەتتىن 18 سائەتكە قىسقاردى، ئىككى يىلدىن كېيىن 16 سائەتكە قىسقىرايدۇ. يېڭى ھۆكۈمەتتىكى ئىناق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە پائال رول ئوينىدى.

قازاقىستاننىڭ ئەڭ ئالىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى يۇرى خېتلىن مۇنداق دېدى:

1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئەڭ ئالىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت بىناسى پۈتۈش بىلەنلا بىزنىڭ ئاساسلىق ئىدارە، باشقارمىلىرىمىزدىكى خىزمەتچى خادىملار ئىشقا كىرىشىپ كەتتى، 12 ـ ئاينىڭ

ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ بارلىق خىزمەتچىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا كىرىشتى. ھازىر ئاستانە شەھىرىدە خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ 17 كورپۇس ئۆيى بار، يەنە 27 كورپۇس يېڭى ئۆي سېلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يەنە ئۆي سېلىش ۋە سېتىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەڭ ئالى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاستانە شەھىرىدە ئۆي سېلىشقا كېتىدىغان مەبلىغى پەقەت تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت مالىيىسىگە تاپشۇرغان كىرىمىدىن ئىبارەت.

تەپتىش ئورگانلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ئاساسلىق خىزمەت ۋەزىپىسى مۇپەتتىش ۋە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش. ستاتىستىكىدا كۆرسىتىلىشىچە، جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلولىرى ئازىيىشقا باشلىغان، 1997-يىلىنىڭ 11 ئېيىدا تۇرغۇزۇلغان جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلولىرى 1996-يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 11.2% تۆۋەنلىگەن.

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئازايغان دېلولارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتىكى جىنايەتلەردۇر. ئەلۋەتتە دېلو قىلىپ تۇرغۇزۇلمىغان نۇرغۇنلىغان جىنايەتلەرمۇ بار. 1997-يىلدىلا تەپتىش ئورگانلىرى تىزىمغا ئالغان، ئىچكى ئىشلار ئورگىنى يوشۇرۇپ قويغان، بىكار قىلغان دېلولار 1758 گە يېتىدۇ. دېلولارنىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتى قانۇن ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ۋاستىلىرىنىڭ جىنايەت ھەرىكەتلىرىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چوڭ جىنايەت دېلولىرىنىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتى 45%، ئوغرىلىق دېلولىرىنىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتى 37.3%، بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتى 34.2%. بۇ ئەھۋاللارغا نىسبەتەن بىز ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش بىلەن بولغان كۈرەشنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىپ تۇرىمىز.

قازاقستان يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى قادىرخان ئوتاروۋ مۇنداق دېدى: يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئاستانە شەھىرىدە خېلى پىششىقدەملەردىن بولۇپ قالدى، چۈنكى بىز تۇنجى تۈركۈمدە كۆچۈپ كەلگەن. 1996-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ بىر قىسىم خىزمەتچى خادىملىرىمىز ئاستانە شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ خىزمەت بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولۇپلا قالماستىن، يەنە خىزمەتچى خادىملارغا ئولتۇراق ئۆي ھازىرلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئورۇندىدى. ئۇ ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىدىكى ئاساسلىق خادىملار سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال گەۋدىسىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى ئوڭۇشلۇق تاماملاش ئۈچۈن ئالما-ئاتادا قالغانىدى. 1997-يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنى ئوڭۇشلۇق تاماملىغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىدىكى بارلىق خادىملار 6-ئاينىڭ 5-كۈنى يېڭى پايتەختكە كۆچۈپ كەلدى! نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىدىكى بارلىق ئورگانلارنىڭ يېڭى پايتەختكە كۆچۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئاخىرلاشتى. پايتەخت

كۆچۈرۈشكە كەتكەن بارلىق خىراجەت پىلان سىرتىدىكى خام چوت فوندىدىن ئاجرىتىلدى. بىزنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىمىز ئاستانە شەھىرىگە يېڭى كەلگەن چاغدا بىر ئائىلە بىر ئېغىزلا ئۆيدە قىستىلىپ تۇراتتى. ھازىر بولسا ھەربىر ئائىلە ئۆزىنىڭ ئازادە ئۆيىگە ئېرىشتى.

نۆۋەتتە، بىزنىڭ بارلىق خىزمەتچى خادىملىرىمىز دۆلەت سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال گەۋدىسىنىڭ ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مەخسۇس يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ بازار ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش ۋە بازار ئۇچۇرى مەركىزىنى قۇرۇپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بۇ مەركەز ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئالاھىدە سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدا پۈتۈن قازاقىستاندىكى زور دېھقانچىلىق ئۇچۇرلىرى ساقلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ يېڭى خىزمەت بىناسىدا 20 دانىدىن كۆپ يەرلىك كومپيۇتېر تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان يېڭى تىپتىكى كومپيۇتېر ئورنىتىلدى. ئالدىمىزدىكى قەدەمدە «كومپيۇتېر كۆۋرۈكى» تەسىس قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئوبلاست، رايون ۋە چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ كومپيۇتېر تورلىرى تۇتاشتۇرۇلىدۇ. بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىمىز يىل ئاخىرىدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى يىغىنىنى ئېچىشقا تېزدىن تەييارلىق كۆرۈش، بىز پرېزىدېنتىمىزنىڭ بۇ يىغىنغا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

قازاقىستان ئەڭ ئالى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ماخسۇت . نالىكباييۋ مۇنداق دېدى:

بىزنىڭ پايتەخت كۆچۈرۈش خىزمىتىمىز ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. كۆپ قىسىم خىزمەتچى خادىملىرىمىز يېڭى قۇرۇلغان خىزمەت بىناسىدا نورمال خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. 1997-يىلى 10-ئاينىڭ 19-كۈنى تۇنجى تۈركۈم خىزمەتچى خادىملىرىمىز ئاستانە شەھىرىگە كۆچۈپ باردى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن 14 نەپەر ھەربىي سوت باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خادىملار ئاستانە شەھىرىگە كەلدى. بارلىق خىزمەتچى خادىملىرىمىز بولسا 1998-يىلى 1-ئايدا كۆچۈپ كەلدى. نۆۋەتتە، ئەڭ ئالى سوت مەھكىمىسىنىڭ رەئىس ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ سوتچىسى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتىدۇ. ھازىر زىيارەت قىلىپ كېلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس، ئالما-ئاتادا مەن بىر كۈندە 30 نەچچە ئادەمنى قوبۇل قىلاتتىم، ھازىر بولسا بەش ئادەمنى قوبۇل قىلىمەن. مېنىڭچە بۇ ۋاقىتلىق ئەھۋال. دۆلىتىمىزدىكى كۆپ قىسىم پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ بىر قانۇن دۆلىتىدە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تالاش-تارتىشلار ھەرقانچە مۇرەككەپ بولسىمۇ يەنىلا سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ. ھازىر يەنىلا كارخانا خوجايىنلىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئورنىدا بىر قىسىم قاقتى-سوقتى قىلىۋېلىش، ئالدامچىلىق ئەھۋاللىرىنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىش، شۇنداقلا دەۋادا ئۇتۇپ چىققۇچى تەرەپ سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى بويىچە تۆلەمگە ئېرىشەلمەسلىكتەك ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلمىغانلىقتا. نۆۋەتتە تەرتىپنى ئىجرا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن-بەلگىلىمىلەر يۇقىرىدىكى نۇقسانلارنى ئۆزگەرتتى. ھازىر

ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەدلىيە ئىسلاھاتىنىڭ يادروسى قانۇن مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىدە يېڭى «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نى قوللىنىشتىن ئىبارەت، قانۇن مەھكىمىسى بۇ يېڭى قانۇن توپلىمىغا بىرلەشتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان دېلولاردىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلىشى كېرەك.

بىزنىڭ 14 نەپەر سوتچىمىز زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئولتۇراق ئۆيگە ئېرىشتى. ئومۇمەن، كېلەر يىلى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بولىمىز.

يېڭى پايتەختنىڭ ھاۋاسى گەرچە سوغاق بولسىمۇ بىز تېزلا كۆنۈپ قالدۇق. ئاستانە شەھىرىنىڭ ھاۋاسى ئالما-ئاتانىڭكىدىن خېلىلا ياخشى، بۇ يەردىكى قۇرغاق ئوتلاق تىپىدىكى ھاۋانىڭ تەسىرى بىلەن بىزنىڭ قان بېسىمىمىز نورماللاشتى، نەپسىمىزمۇ يېنىكلەشتى.

قازاقستان ئەڭ ئالىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئولالباي ئابدۇقارىموۋ مۇنداق دېدى:

يېڭى پايتەختتە كومىتېتىمىزگە مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل بولغان ئىشخانىلار تەقسىم قىلىندى، بىراق بىزنىڭ جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسى، بىز ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەل قىلىمىز.

كومىتېتىمىز گەرچە يېڭى قۇرۇلغان تارماق بولسىمۇ بىراق كۆپچىلىك تېزدىن خىزمەتكە كىرىشىش كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ. بىر يېرىم ئاي ئىچىدە بىز 25 نەپەر زىيارەت قىلىپ كەلگەن خەلقنى كۈتۈۋالدۇق، 45 پارچە مەلۇم قىلىش خېتىنى قاراپ چىقتۇق. بىزنىڭ دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىش ئەھۋالىغا نىسبەتەن نازارەت قىلىش ھوقۇقىمىز بار، ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ كۆز بويامچىلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بىزنىڭ يەنە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاق نىزامىغا رىئايە قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار. گەرچە بىزنىڭ خىزمەتچى خادىملارنى جازالاش، ئۇلارنى ئىشتىن بوشىتىش ھوقۇقىمىز بولسىمۇ، بىراق بىز جازالاش ئورگىنى ئەمەس، بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرىدىكى خىزمەتلەردۇر. ئەڭ ئالىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دۆلەتنىڭ بىر تارمىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم خىزمىتى ھەر بىر ھۆكۈمەت خادىمىنى ئىدىيە جەھەتتە ئۆزىنى خەلقتىن ئۈستۈن دەپ قارىمايدىغان، پەقەت خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھوقۇققا ئىگە قىلىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شەخسىيەتچىلىك قىلغانلارنى جازالاشتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، ھازىر بىز تېخى بۇنداق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويمىدۇق، چۈنكى بۇنىڭغا بەك ئالدىراپ كېتىشكە بولمايدۇ. ھازىر بىر قىسىم مەلۇم قىلىش خەتلىرىنى تەكشۈرۈۋاتىمىز، پاكىت ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئاممىغا ئاشكارىلايمىز.

جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەرقايسى ئوبلاست، شەھەرلىرىدە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ھازىر كومىتېتىمىزنىڭ شتاتلىرى تولۇق ئەمەس، بىز ئىجتىمائىي ئىدىيە تەشكىلاتلىرىدىكى ئىختىساسلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى شتات سىرتىدىكى خىزمەتچى قاتارىدا خىزمىتىمىزگە قاتناشتۇرىمىز. (02)

# قازاقىستاننىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى

1998-يىلى 6-ئاينىڭ 4-، 5-كۈنلىرى قازاقىستاننىڭ ئالما-ئاتا شەھىرىدە « قازاقىستاننىڭ مەبلەغ سېلىش پۇرسىتى » دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. قازاقىستان « پانارAMA گېزىتى »، جۇمھۇرىيەت مۇھاكىمە تەتقىقات مەركىزى ۋە جەمئىيەت ئىقتىسادىي ئۇچۇر تەتقىقات مۆلچەرلەش ئورنىدىكى مۇتەخەسسىلەردىن تەشكىللەنگەن مۇھىم مەسىلىلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى قازاقىستان دۆلەت كومىتېتىنىڭ ياردىمىدە يىغىن قاتناشقۇچىلىرىدىن خەلقنىڭ رايىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، جەمئىي 40 ئادەمدىن سورىدى، بۇلارنىڭ 80% ى چەت ئەللىك ۋەكىللەر.

## قازاقىستاننىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىغا بېرىلگەن باھا

مەبلەغ سېلىش جەريانى ئالدى بىلەن مەبلەغ سېلىش ئاساسىي گەۋدىسى (مەبلەغ سالغۇچى)، مەبلەغ سېلىش ئوبيېكتى (نېمىگە مەبلەغ سېلىش)، مەبلەغ سېلىش شەكلى (قانداق ئۇسۇل بىلەن مەبلەغ سېلىش) نىڭ پايدا نىسبىتى (سېلىنغان مەبلەغنىڭ قىممىتى ئېشىش دەرىجىسى) بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر بىر دۆلەتنىڭ بۇ جەھەتتە بىرىكىشى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلار مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش كۈچىنى بەلگىلىمەيدۇ. چوڭ مەنىدىن ئېيتقاندا بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز دېگەندە ئىككى خىل تۈر دۆلەت سىياسىتىگە باغلىق.

بىر تەرەپتىن، دۆلەت مەبلەغ سېلىش جەريانىدا ئەڭ چوڭ پايدىغا ئېرىشىشى، يەنە بىر تەرەپتىن مەبلەغ سالغۇچىلارنىمۇ جەلپ قىلىشى كېرەك. بۇ ئىككى ئامىل داۋاملىق بىر-بىرىگە زىت كېلىدۇ. بۇنى بىر خىل ئەنئەنىۋى توي قىلىش شەكلى بىلەن مىسالغا ئالساق: ئەگەر بىر قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆز قىزىغا ناھايىتى كۆپ تويلۇق ئېلىش ئۈچۈن، يىگىت تەرەپكە تويلۇقنى كۆپ سېلىۋەتسە بۇ قىز توي قىلالماسلىقى مۇمكىن؛ ناۋادا ئاز سېلىپ قويسا ئېرىشىدىغان تويلۇق ئاز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىچىدە ئوتتۇرىدىن ئۈچ قىسىم جاۋاب بەرگۈچىلەر، قازاقىستاننىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى پايدىلىق دەپ قارىدى. ئۇنداقتا، ھەرقايسى تەشكىلىي قىسىملار قانداق بولىدۇ؟

## مەبلەغ سېلىش ئوبيېكتى

قازاقىستاندا مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئوبيېكت نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا كانچىلىق، قاتناش-ترانسپورت، ئالاقە ئىشلىرى، ئىشلەپچىقىرىش كەسپى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، مۇلازىمەت كەسپى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كەسپى قاتارلىقلار.

بۇ ئەمەلىيەت كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. چۈنكى دۆلەت بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان مەبلەغ سېلىش تەرتىپىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشماقتا. تەخمىنەن 60% دەك جاۋاب بەرگۈچى دۆلەتنىڭ بۇ خىل سىياسىتىنى قوللاپ، مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن مەبلەغ سالغۇچىلارغا

نىسبەتەن تالالاپ مۇئامىلە قىلىش، ئۆز دۆلىتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلماسلىق كېرەك دەپ قارىدى.

## مەبلەغ سېلىش شەكلى

كۆپ سانلىق جاۋاب بەرگۈچىلەر (72.5%) بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئاز ساندىكىلىرى ئاكسىيىلىك مەبلەغ سېلىشنىڭ بىر قەدەر مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، لېكىن قازاقىستان ئاكسىيە بازىرى تەرەققىي قىلمىسا بۇ خىل قاراشقا بولغان تەسىرى چوڭ بولىدۇ.

تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىشنىڭ كاپىتال زىچلىقى زور مىقداردا مەبلەغ سېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقۇچىلار، قازاقىستاندا ئەڭ ياخشى مەبلەغ سېلىش سوممىسى نىسبەتەن زور بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. 19% جاۋاب بەرگۈچىلەر ئەڭ ياخشى مەبلەغ سېلىش سوممىسى 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپ، 14% جاۋاب بەرگۈچىلەر 50 مىليوندىن 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغىچە، 29% جاۋاب بەرگۈچىلەر 10 مىليوندىن 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغىچە، 27% جاۋاب بەرگۈچىلەر بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغىچە، 11% جاۋاب بەرگۈچىلەر بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق بولماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ. دېمەك، ئەڭ ياخشى مەبلەغ سېلىش سوممىسى 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك دەپ جاۋاب بەرگۈچىلەر 60% تىن كۆپىنى، 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىشى كېرەك دېگەنلەر تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

## مەبلەغ سېلىش خەۋپ-خەتىرى

مەبلەغ سالغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەبلەغ سېلىش جەريانى ھامان ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىبار بېرىدىغىنى سېلىنغان مەبلەغنىڭ قايتىشى ۋە قىممىتى ئېشىشى، شۇڭا خەۋپ-خەتەرگە باھا بېرىش مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش كۈچىگە باھا بېرىش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا مەزكۇر يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ئارىسىدىكى جاۋاب بەرگۈچىلەر قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىگە مەبلەغ سېلىشنىڭ خەۋپ-خەتىرى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ئوتتۇرىھال سەۋىيىگە كىرىدۇ دەپ قارايدۇ. 20% تىن يۇقىرى جاۋاب بەرگۈچىلەر، خەلقئارا بازار باھاسى ئەھۋالى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەبلەغ سېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش سىياسىتى ۋە مالىيە پۇل مۇئامىلە تۈزۈمى قاتارلىقلاردىن قارىغاندا مەبلەغ سېلىش خەۋپ-خەتىرى بىر قەدەر يۇقىرى دەپ قارىسا، يەنە 30% دىن يۇقىرى جاۋاب بەرگۈچىلەر قازاقىستاننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىتى، رايون سىياسىي ئەھۋالى ۋە دۆلەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا مەبلەغ سېلىش خەۋپ-خەتىرى بىر قەدەر تۆۋەن دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار

مەبلەغ سالغۇچىلار ھامان ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇۋاپىق مەبلەغ سېلىش كىرىمى ۋە خەۋپ-خەتەر سېلىشتۇرمىسىنى ئىزدەيدۇ. شۇڭا مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ. مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللارنى باھالىغاندا، جاۋاب بەرگۈچىلەر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى، ھازىرلانغان

تەبىئىي بايلىق ۋە پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمە ئەھۋالىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئامىل دەپ قارىدى؛ قازاقىستاننىڭ تاموژنا سىياسىتى، دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، بازار تۈزۈلمىسى تولۇق بولماسلىق ۋە باج يىغىش سىياسىتى قاتارلىقلارنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللار دەپ قارىدى. ئەگەر تاموژنا سىياسىتى بىلەن باج يىغىش سىياسىتى دۆلەت مەنپەئەتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دېيىلسە، ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پىكرى بىلەن ھامان بىردەك بولمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنداقتا قالغان ئىككى ئامىل (دۆلەت ئەمەلدارلىرى لاياقەتسىز، نامرات بولۇش ۋە بازار تۈزۈلمىسى مۇكەممەل بولماسلىق)نى چىقىرىۋەتكەندە، دۆلەت سىياسىتى چارە-تەدبىرنىڭ ئاساسلىق يۆنىلىشىنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك.

## مەبلەغ سېلىش سىياسىتىنىڭ ئۇچۇر كاپالىتى

ئۇچۇرغا كاپالەتلىك قىلىش بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى مەبلەغ سېلىشقا قايىل قىلىش كېرەك. باشقا ئوخشاش شارائىت ئاستىدا، ئۇچۇرغا كاپالەتلىك قىلىش مەبلەغ سېلىش تۈرىنى تاللاشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. تەخمىنەن 60% دەك جاۋاب بەرگۈچى، قازاقىستاننىڭ مەبلەغ سېلىش پۇرسىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر مىقدارى يېتەرسىز، مانا بۇ يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئورغۇنلىغان مەبلەغ سالغۇچىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، قازاقىستاننىڭ مەبلەغ سېلىش ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق ئۇچۇر مەنبەسى ئاساسەن، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ئانالىز دوكلاتى ۋە قازاقىستاندىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىسى ئىكەن.

يىغىن قاتناشچىلىرى ھەممىدىن بەك قازاقىستاننىڭ قانۇن-پەرمانلىرى جەھەتتىكى ئۇچۇرلىرى (50%)، قازاقىستاندا مەبلەغ سېلىش تەجرىبىسى (45%)، قازاقىستاندىكى بەزى بازارلارنىڭ ئەھۋالى (25%)، ئىجتىمائىي سىياسىي ئۇچۇرلار (23%)، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئۇچۇرلار (20%)، قازاقىستاندىكى بەزى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ۋە مالىيە ئەھۋالى جەھەتتىكى ئۇچۇرلىرى (20%) قاتارلىقلارغا ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىكەن.

## يەكۈن

بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقۇچىلار، قازاقىستاننىڭ چەت ئەل مەبلەغ سېلىش سوممىسى يەنە ئاشىدۇ، چۈنكى ھازىر قازاقىستان مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش كۈچى سەۋىيىسى جەھەتتە بازار ئىسلاھاتىنىڭ باشلامچىسى سۈپىتىدىكى رۇسىيە بىلەن قېلىشمايدۇ دەپ قارىدى. لېكىن چەت ئەل مەبلەغ سېلىش پائالىيىتى ئېلىپ كەلگەن يەنە بىر تەرەپ — جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقى ئازىيىپ كېتىش بولدى. كۆپ ساندىكى جاۋاب بەرگۈچىلەر، قازاقىستان ئىقتىسادىنىڭ چەت ئەلنىڭ مەبلەغ سېلىش سەۋىيىسىگە باغلىنىشچانلىقى ناھايىتى زور، شۇڭا دۆلەت بىلەن مەبلەغ سالغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنىڭ باراۋەرلىكىنى ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ زور چەكلىمىدە نازارەت قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ. (01)

# ئامېرىكا كاسپىي دېڭىزى يانتۇلۇقى ۋە قارا چاغاناقتا نېفت چارلاش ۋە قېزىشقا مەبلەغ سالدى

ئامېرىكا بىلەن قازاقىستان 1997-يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىمالىي كاسپىي دېڭىزىدىكى كاربوگىدرادلار ۋە قاراچاغاناقنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بۆلۈشۈش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى.

كېلىشىمگە ئاساسەن، 1998-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىمالىي كاسپىي دېڭىزىدا تۇنجى نېفت قۇدۇقى قېزىلىدۇ، دۇنيا بانكىسى بۇنىڭغا 280 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بېرىدۇ. شۇنداقلا 6 يىل ئىچىدە بارلىق چارلاپ تەكشۈرۈش پىلانى ئورۇندىلىپ بولىدۇ ھەم پىلان بويىچە ئاز دېگەندە 6 قۇدۇق قېزىلىدۇ. 7 نېفت شىركىتى بۇ خىل مالىيە قەرزىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ھازىر 2004-يىلى تۇنجى قېتىملىق قۇدۇق قېزىشقا باشلىنىپ 2013-يىلدىن ئىلگىرى كۆپ مىقداردا نېفت چىقىرىش پىلانلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر ئەڭ تۆۋەن قېزىش كۆلىمى بويىچە مۆلچەرلىگەندە، قازاقىستان بىر مىليارد 500 مىليون توڭ نېفت چىقىرىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ 40 يىل ئىچىدىكى پۇتكۇل تەقسىم قىلىنغان كىرىمنىڭ 80% ى 400 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ.

پىلان بويىچە ئىش باشلىغاندىن كېيىن قازاقىستانلىقلارنى يۇقىرى كىرىملىق يېڭى خىزمەت پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا چەت ئەل شىركەتلىرى قازاقىستانغا پەقەت ئالاھىدە ئىختىساسلىق ئالىي پەن - تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىلا ئەۋەتىدۇ ھەم بىر قىسىم قازاقىستان پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى چەت ئەللەردە تەربىيىلەپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. توختامنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئاقتاۋ ۋە ئاتراۋ ئوبلاستلىرىنى كونكرېت پايدىغا ئېرىشتۈرىدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلار ئېكئولوگىيە، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن يىلدا 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرى مەبلەغ سالىدۇ.

قارا چاغاناق كېلىشىمىنىڭ مۇددىتى 40 يىل بولۇپ، نېفت ۋە تەبىئىي گازنىڭ ھەم يىنىك نېفتىنىڭ يىللىق قېزىش مىقدارى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا تەخمىنەن 12 مىليون توننا، تەبىئىي گاز مىقدارى 25 مىليون توننا بولۇشى پىلانلاندى، بۇ قازاقىستان تەقسىمات كىرىم مىقدارىنىڭ 80% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان باج ۋە باشقا خام چوتقا تاپشۇرۇلىدىغان پۇللارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 48 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن كام بولمايدۇ. ( 03 )

# ئاتراۋ نېفىت زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى

1998-يىلى 6-ئاينىڭ 9-كۈنى «ئاتراۋ نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى» ھەسسىدارلىق شىركىتى نازارەت قىلىش كومىتېتى يىغىن ئېچىپ ئۇزاق مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. مۇھاكىمە ناھايىتى جىددىي تۈستە ئېلىپ بېرىلدى. دۇنيا بويىچە نېفىت باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى زاۋۇت ئىقتىسادىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىدى. زاۋۇت 1998-يىلى 1-ئايدىن باشلاپ نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەنلا بولدى. خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ۋە سېتىش ئىشىنى بولسا قازاقىستان نېفىت سودا شىركىتى ئىشلىدى. ئاتراۋ نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ئىقتىسادىي پىلان باشقارمىسىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، زاۋۇتنىڭ ئالدىنقى بەش ئايدىكى خىزمەت مىقدارى 1997-يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىنىڭ 65% تىكە توغرا كېلىدىكەن، ئىشلەپچىقىرىلغان يېنىك ماي مىقدارى (بېنزىن، دىزېل) 63% تىكە توغرا كېلىدىكەن. ئومۇمەن ئالدىنقى بەش ئايدىكى نەتىجىدىن قارىغاندا مەھسۇلات قىممىتى سېلىشتۇرما باھا بويىچە بولغاندا 1997-يىلىنىڭ 64.3% تىكە توغرا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەرز پۇل ۋە يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان خام چوتتا ئېشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە زاۋۇتنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج سوممىسى ۋە يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان خام چوت سوممىسى 1 مىليارد تەڭگىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنى ئوبلاست مالىيە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى يېقىندا زۇڭلىغا ئەھۋال دوكلات قىلغاندا ئېيتقان.

نازارەت قىلىش كومىتېتى ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ نۆۋەتتىكى مالىيە ئەھۋالىنى مۇدىرىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمىتى ۋە مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش يولى (خام چوتنى قانداق قىلىپ ئازايتىش، مەبلەغنى نورمال ئوبوروت قىلدۇرۇش)، ئۈنۈمى بولمىغان بىر قىسىم مۈلۈكلەرنى شاللىۋېتىش، ساقلانغان مالنى ئازايتىش قاتارلىقلارنى مۇھاكىمە قىلدى. نازارەت قىلىش كومىتېتى زاۋۇت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، زاۋۇت تەۋەلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولمىغان بىر قىسىم ئورۇنلارنى ئايرىۋېتىش، ئىمكانقەدەر مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش توغرىسىدىكى پىلانغا قوشۇلدى. يىغىندا زاۋۇت تەۋەلىكىدىكى بەش-ئالتە كارخانا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تىجارەت قىلىش، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش توغرىسىدا تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ كارخانىلارنىڭ ھەممىسى زىيان تارتقان كارخانىلار.

يىغىندا يەنە قەرز ئېلىش يولى بىلەن زاۋۇتنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە ئىستانسىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، ئۆزىمىزنىڭ ئوكسىگېن-ئازوت ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ۋە باشقا مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان تۈرلەرنى قۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئامېرىكىنىڭ نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى (كونا زاۋۇت) نى سېتىۋېلىش ئىشىمۇ سۆزلەندى. بۇ ھەقتىكى سۆزلەر

1997-يىلى كۈزدىلا باشلانغانىدى. شۇ ۋاقىتتا زاۋۇت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئامېرىكىغا باردى ھەم ئامېرىكا تەمىنلىگەن نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

نازارەت قىلىش كومىتېتى مۇدىرىيەتتىن باشقۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، توختام تۈزگەن ئىككى تەرەپكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى، ئىككى تەرەپنىڭ توختامغا رىئايە قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى، زۆرۈر تېپىلغاندا جەرىمانە قويۇش ۋاستىسىنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى. ئالدىنقى قېتىملىق يىغىندا زاۋۇتنىڭ قازاقىستان نېفىت سودا شىركىتى بىلەن ئوخشاش شارائىت ئاستىدا خام ئەشيا سېتىۋېلىشى ۋە مەھسۇلاتنى سېتىشىغا يول قويۇلغان بولسا، ھازىر نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ئوخشاشلا نېفىت قېزىش كارخانىلىرىنىڭ خام ئەشيالىرىنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلەيدۇ ھەم ئۆزىگە تېگىشلىك بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى ساتالايدۇ.

دۆلەت ئىلكىدىكى پاي نورمىسى توغرىسىدىكى تالاش-تارتىش مەسىلىسىگە نىسبەتەن، نازارەت قىلىش كومىتېتى بۇ قېتىم توختالمىدى. بىراق بىزنىڭ سۆزلىمەكچى بولغىنىمىز، يېقىندا قازاقىستان نېفىت سودا شىركىتى ئاتراۋ نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ 53.2% دۆلەت ئىلكىدىكى پېيىنى ۋە بىر قىسىم نېفىت كارخانىلىرىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى پېيىنى كونترول قىلىۋالدى. شۋېيتسارىيىنىڭ تېلىق شىركىتى بولسا بۇ زاۋۇتنىڭ 18.336% پېيىگە ئېرىشتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئەمگەك كوللېكتىۋى»نىڭ 25.5% پېيىنى كونترول قىلىۋېلىپ قازاقىستان نېفىت سودا شىركىتىنىڭ مۇھىم رىقابەتچىسىگە ئايلاندى. بىر يىلنىڭ ئالدىدا دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش كومىتېتى شۋېيتسارىيىنىڭ تېلىق شىركىتىنىڭ زاۋۇتتىكى ھەمكارلاشقۇچىلاردىن بۇ زاۋۇتنىڭ 12.3% پېيىنى سېتىۋالغانلىقىنىڭ قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ يۈرگەنىدى. نەتىجىدە شۋېيتسارىيىنىڭ تېلىق شىركىتى چەت ئەلگە بېرىدىغان قەرزنى توڭلىتىپ قويدى، بۇ پۇللار ئەسلىدە زاۋۇتنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا ئىشلىتىلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن شىركەت مەخسۇس مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىپ بۇ قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە سودىسىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. 1997-يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرىدا، زاۋۇت پايچىك يىغىنىدا شۋېيتسارىيىنىڭ تېلىق شىركىتى بىلەن قازاقىستان نېفىت سودا شىركىتى زاۋۇت خىزمەتچىلىرىگە ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىلاپىنى تۈگىتىپ كېلىشىم تۈزۈپ بولغانلىقىنى ئېيتتى.

ئاتراۋ نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ رەھبىرى يۇقىرىقى ئەھۋالغا باھا بېرىشنى رەت قىلدى، ئۇلار پەقەت قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە تىزىملىكىدىكى مەزمۇنلارغىلا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تىزىملىكتە ئاتراۋ نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ پاي چېكىگە ئىگە بولغۇچىلار: قازاقىستان نېفىت سودا شىركىتى، ئۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پايغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار 41% پايغا، شۋېيتسارىيىنىڭ تېلىق شىركىتى 18.33% پايغا، «ئەمگەك كوللېكتىۋى» 25.5% پايغا، «ئىماناتاۋ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 0.4% پايغا، قازاقىستان سودا بانكىسى ۋە ئاتراۋ تارماق بانكىسى 0.5% پايغا، ئاكسىيە

( ئاخىرى 4 - بەتتە )

# تۈركمەنىستان نېفىت-خىمىيە ئۈسكۈنىلىرىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولماقتا

تۈركمەنىستان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىچىدە تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى روسىيىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت. بىراق ئۆزىدە سىرتقا تەبىئىي گاز يەتكۈزۈدىغان تۇرۇبا يوللىرى بولمىغاچقا روسىيىنىڭ تەبىئىي گاز توشۇش تۇرۇبىلىرى ئارقىلىق سىرتقا ئۆزىنىڭ تەبىئىي گازلىرىنى ئېكسپورت قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن تۈركمەنىستاننىڭ نېفىت-تەبىئىي گاز ئېكسپورت قىلىشى ۋاقىت روسىيىنىڭ كونتىروللۇقىدا بولۇپ تەبىئىي گازلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە سېتىلىش مىقدارىنىڭ ئېشىشى قىيىن بولماقتا.

روسىيىنىڭ كونتىروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تۈركمەنىستان بىر تەرەپتىن نېفىت-تەبىئىي گاز ئېكسپورت قىلىدىغان باشقا يوللارنى پائال ئىزلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن بىۋاستە تەبىئىي گاز ئېكسپورت قىلماستىن بەلكى نېفىت-خىمىيەمەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈپ نېفىت-خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن پائال تەييارلىق كۆردى.

نېفىت-خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلە ش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈش فائىجىنى ئېنىق بولغاندىن كېيىن تۈركمەنىستان خېردار چاقىرىپ مەبلەغ جەلىپ قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى.

تۈركمەنىستاننى نېفىت-خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەشتە ئاۋۋال ئالدىنقى قاتار تۇرىدىغانلىرى ياپونىيە كارخانىلىرى. ياپونىيىنىڭ رىخۇي قاتارلىق تۆت كارخانىسى 10-ئاينىڭ 5-كۈنى تۈركمەنىستاننى پولى پروپىلېن سىمولىسى (PP) پىششىقلاش ئىشلەش يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىسى بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى زاكاز تالۇننى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى جاكارلىدى.

ياپونىيىدىكى يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بۇ تۆت شىركەت تۈركمەنىستان پايتەختى ئاشخابار شەھرىنىڭ غەربىدىن 500 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى بىر نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى پروپىلېن يىغىش، پولى پروپىلېن سىمولى ئىشلەپچىقىرىش يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يىلدا 90 مىڭ توننا پول پروپىلېن سىمولى ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئۈسكۈنە، مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش ئۈسكۈنىسى، دېڭىز سۈپىتى تۈزسىزلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى LPG (سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى) ساقلاش ئۈسكۈنىسى، ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلمىسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئومۇمىي زاكاز سوممىسى 56 مىليارد ياپونىيە يەنى، پىلان بويىچە 2001-يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.

ئېيتىلىشچە، بۇ ياپونىيە بۈگۈنگە قەدەر تاپشۇرۇۋالغان تۈركمەنىستانغا ئۈسكۈنە ئېكسپورت قىلىش زاكاز تالونىدىكى ئەڭ چوڭ تۈر ئىكەن. ئېكسپورت جەريانىدا ياپونىيە ۋە گوللاندىيىدىكى تۆت

خەلق بانكىسىنىڭ قەرز بېرىش ياردىمىگە ئېرىشتى.

تۈركمەنىستاننىڭ بۇ قېتىمقى ئۇسكۇنە كىرگۈزۈشتىن كېيىن ھەل قىلىدىغان ئەڭ چوڭ مەسىلە: ئىشلەپچىقىرىلغان تەبىئىي گازنى گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ئارقىلىق سىرتقا ئېكسپورت قىلماستىن بەلكى ئۇنى قاتتىق ھالەتتىكى نېفت گازى قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەپ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز يولى ئارقىلىق ئېكسپورتنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. تۈركمەنىستان تەبىئىي گاز ئېكسپورت مىقدارىنى تېزرەك ئاشۇرۇپ تېخىمۇ كۆپ تاشقى پېرئوۋتقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۈركمەنىستان يەنە باشقا ئۇسكۇنىلەرنى، يەنى نېفت ـ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسكۇنىسى، پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسكۇنىسى قاتارلىقلارنى كىرگۈزمەكتە. ياپونىيىنىڭ چيەندەيتيەن خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇشى، مىتسۇبىشى سودا ئىشلىرى قاتارلىق شىركەتلەرمۇ تۈركمەنىستانغا مۇناسىپ ئۇسكۇنىلەرنى ئېكسپورت قىلىشنى پائال كېڭەيتتى. (02)

# قىرغىزىستاندا جۇڭگو پىۋىسىگە بولغان ئېھتىياج ئاشماقتا

قىرغىزىستاندا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن پىۋىگە بولغان ئېھتىياج كۈندىن ـ كۈنگە ئاشماقتا. 1998 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە دۆلىتىمىزنىڭ تورغات چېگرا ئېغىزىدىن قىرغىزىستانغا ساياھەت قىلىش ئارقىلىق مال سېتىۋېلىش يولى بىلەن ئېكسپورت قىلىنغان پىۋا 25600 يەشىكتىن كۆپ بولغان، بولۇپمۇ ياز كىرگەندىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدىلا 10000 يەشىكتىن كۆپ ئېكسپورت قىلىنغان.

تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، قىرغىزىستاندا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن پىۋىگە بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىشىدا مۇنداق تۆت سەۋەب بار ئىكەن: بىرىنچىدىن بۇ يىل قىرغىزىستاننىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا تېمپېراتورا ئۆرلەپ 35°C قا يەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىرغىزىستان ئاھالىلىرى ئەسلىدىنلا ئىسپىرتلىق ئىچىملىككە ئامراق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاھالىلارنىڭ پىۋىگە بولغان ئېھتىياجى ئاشقان. ئىككىنچىدىن، قىرغىزىستاننىڭ پىۋا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئاز. قىرغىزىستاننىڭ سانائىتى تەرەققىي قىلمىغان. ئىسپىرتلىق ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى قالاق، يىللىق پىۋا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئۆز دۆلىتىدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمپورت قىلىشقا تايىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، قىرغىزىستاننىڭ ئامېرىكا، ياۋروپا ئەللىرىدىن ئىمپورت قىلغان پىۋىلىرىنىڭ باھاسى بىر قەدەر قىممەت، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغانلىرىنىڭ بولسا تەمى ياخشى. باھاسى ئەرزان بولغاچقا قىرغىزىستاندا بازار تاپتى. تۆتىنچىدىن، بۇ قېتىم ئېكسپورت قىلىنغان پىۋا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن لۇيۇنباۋ پىۋىسى بولۇپ، تاشقى كۆرۈنۈشى ئۈچۈن پۈتۈنلەيي چەتئەل يېزىقى قوللىنىلغان بولغاچقا قىرغىزىستان ئاھالىلىرىنىڭ كۆرۈپ سېتىۋېلىشىغا ئاساسەن، ھەممە تاشقى كۆرۈنۈشى كۆركەم، بىر يەشىككە 12 بوتۇلكا قاچىلانغان بولۇپ كۆتۈرۈشكە ئەپلىك. بۇ خىلل پىۋىنىڭ كۆپۈكى كۆپ. تەملىك بولۇپ قىرغىزىستان ئاھالىلىرىنىڭ ئىشتىيىگە تازا ماس كېلىدۇ.(02)

# شىنجاڭنىڭ نېفىت-گاز ئېچىش تېخنىكىسى تۇنجى قېتىم خەلقئارا بازارغا بۆسۈپ كىردى

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قازاقىستاندىكى ئىككى نېفىت-گاز مەيدانىنى يۇرۇشلەشكەن نېفىت-گاز چىقىرىش تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى توختام يېقىندا ئىمزالىنىپ كۈچكە ئىگە بولدى. بۇ مەزكۇر ئورۇننىڭ يۇرۇشلەشكەن نېفىت-گاز چىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ تۇنجى قېتىم خەلقئارا بازارغا بۆسۈپ كىرىشى، بۇ شىنجاڭنىڭ نېفىت-گاز ئېچىش تېخنىكىسىنىڭ دۇنيادىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۆتكەن يىلى 6-ئايدا، جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز باش شىركىتى قازاقىستاننىڭ كېنكىياك ۋە جاناژولدىن ئىبارەت ئىككى نېفىت-گاز مەيدانىنىڭ 60% پايلىرىنى سېتىۋالدى ھەم جۇڭگو ۋەكىلى سۈپىتىدە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە تاپشۇردى. بۇ ئىككى نېفىت-گاز مەيدانى ئىچىدە كېنكىياك نېفىت گاز مەيدانى قويۇق نېفىت بىلەن سۇيۇق نېفىتنى ئاساس قىلىدۇ. جاناژول نېفىت-گاز مەيدانى بولسا يېنىك نېفىتنى ئاساس قىلىدۇ، ئىككى نېفىت-گاز مەيداندىكى نېفىتنىڭ زاپاس مىقدارى 600 مىليون توننا، تەبىئىي گاز زاپىسى 100 مىليارد كۇبمېتىر.

40 نەچچە يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى سۇيۇق نېفىت، قويۇق نېفىت ۋە يېنىك نېفىت مەيدانىنى ئېچىشتا بىر يۈرۈش ئىلغار تېخنىكا ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدى. كېنكىياك ۋە جاناژول نېفىت-گاز مەيدانىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى قارامايى نېفىتلىكىنىڭ تۈزۈلۈشىگە بىر قەدەر ئوخشايدۇ. شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇ يىلدا قازاقىستاندىكى ئىككى نېفىت-گاز مەيدانىنىڭ نېفىت ساقلاش قۇرۇلۇشى، تەرەققىيات لايىھىسى ۋە ئىقتىسادىي باھا، پار ئارقىلىق قىزدۇرۇپ ئېلىش سىنىقى قاتارلىق تەتقىقاتلارنى تاماملاپ، بۇرغىلاش ئۈنۈمىنى 90% تىن ئاشۇرىدۇ. خام نېفىتنىڭ قېزىلىش مىقدارىنى زاپاس مىقدارىنىڭ 1% ىگە يەتكۈزىدۇ. (02)

---

(بېشى 30-بەتتە) دۆلەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش فوندىنىڭ ئىجرائىيە لىدېرى ۋلادىمىر فېشىبېنكوۋ ئۇلار مەزكۇر پىلان دائىرىسىدە جەنۇبتىكى بەش ئوبلاستقا يەنى ئالما-ئاتا ئوبلاستى، قىزىل ئوردا ئوبلاستى ۋە شەرقىي قازاقىستان قاتارلىق جايلارغا بىر قىسىم قەرز پۇل ئاجرىتىپ بەردى.

لېكىن، قەرز پۇل تارقىتىشقا مەسئۇل بولغان «ئولتۇراق جاي قۇرۇلۇش بانكىسى» (يېقىندا «مەركىزىي ئامانەت قەرز» بانكىسى بىلەن بىرلەشكەن)، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى تۇرۇپ قالغان رەنگە قويۇلغان بويۇم قىلىش كېرەكلىكىنى ئېلان قىلدى، دېھقانلارنىڭ رەنگە قويىدىغان يەردىن باشقا ھېچقانداق نەرسىسى يوق. يەرنى رەنگە قويغاندا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش فوندىدا پۇل بولىدۇ، لېكىن قەرز پۇلغا ئېرىشىشنى ئويلىغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئىش بولمايدۇ.

ھازىر ماددىي مال-مۈلكى بار كىشىلەر قەرز پۇلغا ئېرىشەلەيدۇ، لېكىن ئىككى قولى ۋە كۈچلۈك خىزمەت قىلىش ئارزۇسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق كىشىلەر ھەرقانداق ئىش قىلىشتا ئامالسىز قالىدۇ. (01)

# تۈركىيە نېفت شىركىتى ئاقتۆبە ئوبلاستىدا نېفت چارلاشنى باشلىدى

1997-يىلى 10-ئاينىڭ 7-كۈنى، قازاقستان ھۆكۈمىتى زۆڭلىسى قوشۇمچە دۆلەت مەبلەغ سېلىش كومىتېتىنىڭ رەئىسى يېسىمووۋ بىلەن تۈركىيە نېفت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى سەيتىق ساندىرىر ئاقتۆبە ئوبلاستىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا نېفت چارلاش، قېزىش ۋە كاربوگىدراد مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش توغرىسىدا توختام تۈزدى. تۈركىيە نېفت شىركىتى توختامنى يالغۇز ئورۇنداشقا ئامالسىز قالغاچقا، ئامېرىكىنىڭ «ئاموك» شىركىتى بىلەن شېرىكلىشىپ بىرلەشمە كارخانا قۇردى.

توختامدا بەلگىلەنگەن نېفت چارلاش مۇددىتى 4 يىل بولۇپ، ئەگەر سودا خاراكتېرلىك نېفت زاپىسى بايقالسا، مەزكۇر توختام ئۆزلۈكىدىن 25 يىل ئۇزارتىلىدۇ. مۇتەخەسسىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، بۇ جايدىكى نېفتىنىڭ زاپاس مىقدارى 45 مىليون تونىنا كېلىدىكەن. توختامدا بەلگىلەنگەن بىۋاستە سېلىنىدىغان مەبلەغ 750 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، مەزكۇر شىركەت ئىش باشلىغان مەزگىلدە خام چوتقا بىر مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇرۇشنى پىلانلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈركىيە نېفت شىركىتى 3 مىليون ئامېرىكا دوللىرلىق پايدىنى ئالدىن بېرىدىغان ھەم يېڭى پايتەخت فوندى جەمئىيىتىگە 2 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇرىدىغان بولدى. تۈركىيە نېفت شىركىتى ئاقتۆبە ئوبلاستىنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار نېفت چارلاش مەزگىلىدە، ھەر يىلى 250 مىليون ئامېرىكا دوللىرلىق ۋاستىچىلىق ھەققى تاپشۇرىدۇ، قېزىش مەزگىلىدە بولسا يىلىغا 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇرىدۇ. ( 03 )

# قازاقستان يېڭى پايتەختىدە مال باھاسى ئۆرلىدى

1998-يىلى قازاقستاننىڭ يېڭى پايتەختى ئاستانىدە ئىستېمال بويۇملىرىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2% ئۆرلىدى، بولۇپمۇ يېمەكلىكنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. 1997-يىلدىكى مال باھاسىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئەمگەك مۇلازىمەت باھاسىمۇ داۋاملىق ئۆرلىدى.

1998-يىلنىڭ بېشىدا كولباسا ۋە مېۋىنىڭ باھاسى 10%، كۆكتات باھاسى 50%، كىيىم-كېچەك ۋە ئاياغ باھاسى 1% ئۆرلىدى. بېنزىن ۋە دورىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى. تۇرالغۇ جايلارنى ئىجارىگە بېرىش باھاسى 20% ئاشتى. ساقلىقنى ساقلاش، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە مۇلازىمىتى ۋە بالىلارنىڭ ئوقۇشتىن بۇرۇنقى مۇلازىمەت ھەققى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كۆرنەرلىك ئاشتى. (01)

# روسىيەنىڭ تاۋارلارغا گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمى

روسىيە 1991-يىلدىن باشلاپ تاۋارلارغا گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىنى تەدرىجىي يولغا قويدى. دۆلەتلىك ئۆلچەم ئىدارىسى روسىيىنىڭ تاۋارلارغا گۇۋاھلىق بېرىشقا مەسئۇل ئاساسىي ئورگىنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى بولسا دۆلەتلىك ئۆلچەم ئىدارىسىگە قاراشلىق «روسىيە گۇۋاھلىق بېرىش ئۆلچەم مەركىزى» (ۋەكالەت نومۇرى «ПР71») بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا دۆلەتلىك ئۆلچەم ئىدارىسى تەرىپىدىن ھوقۇق بېرىلگەن، تاۋارلارغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان بىر تۈركۈم مۇستەقىل ئورۇنلارمۇ بار.

روسىيىدە تاۋارلار گۇۋاھلىق بېرىش شەرت قىلىنغان تاۋارلار ۋە گۇۋاھلىق بېرىش شەرت قىلىنمايدىغان تاۋارلار دەپ ئىككى خىلغا بۆلىنىدۇ. روسىيە قانۇنىغا ئاساسەن، گۇۋاھلىق بېرىش شەرت قىلىنغان تاۋارلار ھەر خىل تاۋارلار ئومۇمىي سانىنىڭ 85% ىنى ئىگىلەيدۇ.

روسىيەنىڭ تاۋارلارغا گۇۋاھلىق بېرىش تۈرى مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىلغا بۆلىنىدۇ:

1. ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىش. يەنى مەلۇم تۈردىكى تاۋارلارنىڭ دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتكەن ياكى يەتمىگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، بۇ بولسا ئومۇمىي تەلەپ؛

2. بىخەتەرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش يەنى مەلۇم تۈردىكى تاۋارلارنىڭ بىخەتەرلىك تەلىپىگە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش؛

3. سۈپەتكە گۇۋاھلىق بېرىش. يەنى مەلۇم تۈردىكى تاۋارلارنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكەن ياكى يەتمىگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش؛

4. تازىلىققا گۇۋاھلىق بېرىش. يەنى مەلۇم تۈردىكى تاۋارلارنىڭ تازىلىق تەلىپىگە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ئادەم بەدىنىگە تېگىدىغانلىكى تاۋارلارنىڭ ھەممىسى تازىلىق گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلىشى كېرەك.

5. ئوتتىن مۇداپىئەلىنىشكە گۇۋاھلىق بېرىش. يەنى مەلۇم تۈردىكى تاۋارلارنىڭ ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش تەلىپىگە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ئائىلە ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ خىل گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئۆتكۈزۈلىشى كېرەك.

تاۋارلارغا گۇۋاھلىق بېرىش گۇۋاھلىق بېرىش شەكلىگە ئاساسەن يەنە تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا گۇۋاھلىق بېرىش، تاۋار تۈرىگە گۇۋاھلىق بېرىش، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىغا گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئۇنىۋېرسال گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىقلارغا بۆلىنىدۇ.

تاۋار ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىغا گۇۋاھلىق بەرگەندە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش ئورۇنلىرى

كۆۋاھلىق بېرىش ئورگانلىرىغا كۆۋاھلىق بېرىش ئىلتىماسى، شۇ تۈركۈمدىكى تاۋارلارنىڭ ئۆلگىلىرى، تاۋارلارنى يۆتكەش ۋە سېتىش ھۆججىتى ھەم سۈپەت كاپالەتنامىسى قاتارلىقلارنى سۇنۇشى شۇنداقلا 1000 ئامېرىكا دوللىرىلىق كۆۋاھلىق بېرىش ھەققى تاپشۇرۇشى كېرەك. كۆۋاھلىق بېرىش ئورگانلىرى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆزىتىش ئارقىلىق بىر ئايدىن كېيىن جاۋاب بېرىدۇ. يەنى لاياقەتلىك دەپ كۆۋاھلىق بېرىپ، ئۆلچەمگە يەتكەنلىك كۆۋاھنامىسى، سۈپەت كۆۋاھنامىسى، تازىلىق كۆۋاھنامىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ھۆججەتلەرنى تارقىتىپ بېرىدۇ ياكى لاياقەتسىز دەپ كۆۋاھلىق بېرىدۇ.

لاياقەتسىز دەپ كۆۋاھلىق بېرىلگەن بولسا، دۆلەتلىك ئۆلچەم ئىدارىسى ۋە كۆۋاھلىق بېرىش ئورگانلىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ۋە سېتىش نۇقتىلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشنى توختىتىشقا ھوقۇقلۇق؛ ئادەملەرنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان تاۋارلار ئىستېمالچىلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلىشى كېرەك. ئەگەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش كارخانىلىرى يۇقىرىقى بۇيرۇقنى ۋاقتىدا ئىجرا قىلمىسا، ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىنىڭ 5000 ھەسسىسىگە باراۋەر جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئىستېمالچىلارنىڭ زىيىنى تۆلەپ بېرىلىدۇ. ماگىزىنلاردا سۈپەت كۆۋاھنامىسى بولمىغان تاۋارلارنى ساتقۇچىلار بايقىلىپ قالسا، تاۋارلىرى مۇسادىرە قىلىنىدۇ ۋە سېتىلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتىگە باراۋەر جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئەگەر بۇ تاۋارلار كۆۋاھلىق بېرىش شەرت قىلىنغان تاۋارلار بولغان بولسا، جەرىمانە سوممىسى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇلىدۇ.

رۇسىيەنىڭ كۆۋاھلىق بېرىش تۈزۈمى كۆرۈنۈشتە ناھايىتى چىڭ بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا يوچۇقلارمۇ ئاز ئەمەس. ئاساسلىقى كۆۋاھلىق بېرىش ئورگانلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ۋە قالايمىقان. دۆلەتلىك ئۆلچەم ئىدارىسى «رۇسىيە كۆۋاھلىق بېرىش ئۆلچەم مەركىزى» دىن سىرت يەنە مۇستەقىل زور بىر تۈركۈم تاۋار كۆۋاھلىق ئورۇنلىرىغىمۇ ھوقۇق بەرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى خۇسۇسىي ئىگىلىك، كۆۋاھلىق بېرىش ئورگانلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھىم ئۆتكەللەر چىڭ تۇتۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، ساختا كۆۋاھنامە ياساش ئەھۋالى ئېغىرلاشقان، ئورغۇنلىغان ساختا تاۋارلار ساختا كۆۋاھلىق بېرىش ھۆججەتلىرىنىڭ ھىمايىسىدە بازارلاردا توسالغۇسىز سېتىلماقتا.

رۇسىيە يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتلىك ئۆلچەم ئىدارىسى، دۆلەتلىك مونوپولىيەگە قارشى تۇرۇش كومىتېتى ۋە ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، تاۋارلارغا كۆۋاھلىق بېرىش يېڭى قانۇننى تۈزمەكتە. ئۇنىڭ مەزمۇنى چىرىكلىككە زەربە بېرىش ۋە ساختىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆۋاھلىق بېرىش شەرت قىلىنغان تاۋارلار تىزىملىكىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىش، تاۋارلارنىڭ سۈپىتىگە ۋە كۆۋاھلىق بېرىش ئورگانلىرىغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىش بۇنىڭ بىلەن تاۋارلارغا كۆۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىنى تاۋارلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گۈلروشەن جېلىل(ت)

# «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون نىزامنامىسى

مەزكۇر نىزامنامە «قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى»غا ئاساسەن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدە قانۇنىي ئاساسىنى بەلگىلىدى.

## 1ـ باب: «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ مەقسىدى ۋە ۋەزىپىسى

1. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ مەقسىدى ۋە ۋەزىپىسىنى تەسىس قىلىش: چەت ئەل كاپىتالى ھۈنەر-سەنئەت تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، شۇ ئاساستا جۇمھۇرىيەت ۋە مەركەزدىكى كەسكىن ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىش، زامانىۋىلاشقان ئىجتىمائىي ئاساسىي ئەسلىھەلەرنى قۇرۇش، يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى ھازىرلاش، بازارلارنى تاۋار بىلەن قانائەتلىنەرلىك تەمىنلەش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىش.

## 2ـ باب: ئورۇن ۋە ئالاھىدە قانۇن-تۈزۈم

2. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئۆز رايونى، چېگرىسى، بەلگىلىك ئاساسى ۋە باشقۇرۇش ئورگانلىرى بار.

3. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونى «ماناس» ئاۋئاتسىيە پورتى، مەرمەر تاش يېزىسى ۋە قىرغىزستان ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت كۆرگەزمە مەركىزىگە تەۋە رايونى ئىچىگە جايلاشقان.

4. ئەگەر جۇمھۇرىيەتتىكى ھەرقايسى مىنىستىرلىك، كومىتېت ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ئىقتىسادىي رايونىنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى يەتكۈزسە، ئۇنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى ۋە «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونى دائىرىسىدە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى چوقۇم باش باشقارما تەستىقلىشى كېرەك.

5. ئەگەر قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى بىلەن قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىدا زىدىيەت بولمىسا، ئۇ «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون دائىرىسىدە كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

6. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان چەت ئەل مەبلەغ سېلىش پائالىيەتلىرىنى قىرغىزستان قانۇنى ۋە قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى قاتناشقان خەلقئارا ھەمكارلىق نىزامنامىسى ئارقىلىق تەڭشەيدۇ.

ئەگەر خەلقئارا كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن قائىدە-تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، ئۇنداقتا خەلقئارا كېلىشىمدىكى تۈزۈمنى قوللىنىش كېرەك.

7. باش باشقارما قىرغىزستاننىڭ قەرز ۋە ۋەزىپە جەھەتتىكى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولمايدۇ. قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىمۇ باش باشقارمىنىڭ قەرز ۋە ۋەزىپە جەھەتتىكى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولمايدۇ.

8. كېلىشىم (كېلىشىمنامە) بولسا چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە مەبلەغ سېلىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ قانۇنىي ئورنىنى تەگشەيدىغان ئاساسلىق ھۆججەت.

شېرىك تاللاش، كېلىشىم ئىمزالاش، ۋەزىپە بەلگىلەش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىغا زىت بولمىغان باشقا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت شەرتلىرى چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە كىرىدۇ.

چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىم ماددىلىرى كېلىشىمنىڭ ئىناۋەتلىك مەزگىلى ئىچىدە ئۆز كۈچىنى ساقلايدۇ. كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنى چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر نىزامىنى ناچارلاشتۇرۇشنى بەلگىلىگەن ئەھۋال ئاستىدا، كېلىشىمدىكى ماددىلار كېلىشىم ئىناۋەتلىك مەزگىلدە يەنىلا ئۆز كۈچىنى ساقلايدۇ.

چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن باش باشقارما ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمگە بىنائەن، مەبلەغ سېلىش جەريانىدىكى ئىختىلاپلار خەلقئارا ئەھدىنامىگە ئاساسەن ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شەھىرىدە مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىنىدۇ.

## 3- باب: دۆلەتنىڭ «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدىكى چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارغا كاپالەتلىك قىلىشى

9. قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنى ۋە خەلقئارا ھوقۇق مىزانىغا ئاساسەن چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قانۇن جەھەتتە قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىش.

10. چەت ئەللەر مەبلەغ سېلىشتىكى قانۇن-تۈزۈم ئالاھىدە ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ئۇ قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكالەتچىلىرى ۋە ئاھالىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش قانۇن-تۈزۈمىگە قارىغاندا خېلى ياخشى.

11. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ چەت ئەل مەبلىغى دۆلەت ئىختىيارلىقىدا بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر چەت ئەل مەبلىغى ئاھالىلەرنىڭ سالامەتلىك ۋە ھاياتىغا، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالسا، باش باشقارما چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارغا مەلۇم مۇددەت ئىچىدە تەھدىتنى يوقىتىش ئۇقتۇرۇشىنى چۈشۈرىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇقتۇرۇش رەت قىلىنسا ياكى تەھدىتنى يوقىتالمىسا، باش باشقارما چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارغا خىراجەت چىقارغۇزۇپ بۇ خىل تەھدىتنى يوقىتىش ھوقۇقىغا ئىگە.

## 4-باب: «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ تەشكىلىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى

12. قىرغىزستانلىق ۋە چەت ئەللىك ۋەكالەتچىلەر «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدا ھەر خىل شەكىلدىكى كارخانا ۋە بىرلەشمە كارخانىلارنى قۇرسا، قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىدا مەنئى قىلىنغان بارلىق كەسىپلەردىن باشقا ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ.

«بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدا تىزىمغا ئالدۇرغان كارخانا ۋە بىرلەشمە كارخانىلار

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىدە ياكى چەت ئەللەردە ئۆزلىرىنىڭ شۆبە كارخانىلىرىنى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

«بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ باش باشقارمىسىغا تىزىمغا ئالدۇرغان قىرغىزستانلىق ۋە چەت ئەللىك ۋەكالەتچىلەر «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

13. قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنىنىڭ 15-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدا كارخانا قۇرغاندا، بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە باش باشقارمىغا تىزىمغا ئالدۇرۇش كېرەك.

قىرغىزستان ھۆكۈمىتىنىڭ ستاتىستىكا قانۇنىغا ئاساسەن «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى باش باشقارما قىرغىزستان دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتى «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدا تىزىمغا ئالدۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتى بار.

14. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون تەۋەلىكىدە مۇھىتنى بۇلغايدىغان ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

15. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر يەرلەرنى ئۇزۇن مۇددەت ئىجارىگە ئالغاندا، ئىجارە ھەققىنىڭ سوممىسىنى باش باشقارما ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش مەقسىدى، يەر ئورنى، تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىش دەرىجىسى ۋە باشقا ئۆلچەملەرگە ئاساسەن بەلگىلەيدۇ.

كېلىشىمگە ئىمزا قويغاندا، باش باشقارما «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك.

16. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى ئاساسلىق گەۋدىلەرگە چەت ئەللەردە ئۆز مۈلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىش.

17. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى ئاساسلىق گەۋدىلەرگە ئوخشاش باش دىرېكتور باشقارمىسىغا تىزىمغا ئالدۇرغان شىركەتلەر، قىرغىزستاندىن باشقا دۆلەتلەردە ئۆز مۈلازىمىتىنى قانات يايدۇرغاندا، شۇ يەرنىڭ ئادرېسى، شىركەتنىڭ شۇ يەرلىك دىرېكتورىنىڭ ئادرېسى، شۇ يەرلىك بانكىنىڭ بانكا ھېساباتى بولۇشى شۇنداقلا ھېساباتتا ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ ئاز دېگەندە بەش مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قالدۇق ئامانەت پۇلى بولۇشى كېرەك.

چەت ئەللەردە ئۆز مۈلازىمىتىنى قانات يايدۇرغان شىركەتلەرنىڭ ھېساباتىنى بۇغالتىر تەكشۈرۈش توغرا ئەمەس.

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىدە تىزىمغا ئالدۇرغان ۋەكالەتچىلەر «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدا چەت ئەللەردە ئۆز مۈلازىمىتىنى قانات يايدۇرغان شىركەتلەر سۈپىتىدە تىزىمغا ئالدۇرسا بولمايدۇ.

## 5- باب: مالىيە، ئامانەت-قەرز ۋە تاشقى پېرېۋوت تۈزۈلمىسى

18. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونى رەسمىيەت ۋە فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا، چەت ئەل پېرېۋوتىنى توپلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزى مەبلەغ توپلاش شەكلىنى قوللىنىدۇ.

19. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئۆز

خام چوتنى تۇرغۇزۇپ، كىرىم قىلىشتا ئاساسەن «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئىگىدارلىقىدىكى ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا جايلاشقان يەرلەرنى، ئۆي-ئىمارەت ۋە ئەسلىھەلەرنى ئىجارىگە بېرىپ تاپقان كىرىمگە شۇنداقلا مۇلازىمەت كىرىمى ۋە زايوم، قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە قاتارلىقلارنى تارقىتىش ھەم ئوبوروت قىلىش ئارقىلىق كىرگەن كىرىمگە تايىنىدۇ.

«بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون مەبلىغىنى تەييارلاشتا جۇمھۇرىيەت، ئوبلاست ۋە رايونلارنىڭ خام چوت مەبلىغىگە ياكى چەت ئەللەر تەمىنلىگەن قەرز پۇلغا تايانسىمۇ بولىدۇ.

20. بىلىم مۈلۈكدارلىق ھوقۇقى، مەخسۇس تېخنىكا، ئىجازەتنامە ئىشلىتىش ھەققى ۋە مۇتەخەسسىلەرگە بېرىلىدىغان ھەق قاتارلىقلارغا بېرىلىدىغان چىقىم سوممىسىنىڭ چەكلىمىسى بولمايدۇ.

## 6-باب: «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ تاموژنا ئىشلىرى

21. قىرغىزستان ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنىغا ئاساسەن «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون دائىرىسىدە ئالاھىدە تاموژنا تۈزۈمى بېكىتىلدى. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ تاموژنا تۈزۈمى خىزمەت مىزانى قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق دۆلەت تاموژنا تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تەستىقىغا ئېرىشتى ۋە «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش باشقارمىسىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتتى.

22. قىرغىزستان ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنىنىڭ ئالتىنچى ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق دۆلەت تاموژنا تەكشۈرۈش ئىدارىسى «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون تاموژنا مۇلازىمەت باشقارمىسىنى قۇردى.

23. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدا ئالاھىدە تاموژنا تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت-ئېكسپورت تاۋار بېجى ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ تاموژنا مۇلازىمىتىنى پەقەت «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون تاموژنا تەكشۈرۈش ئىدارىسى قىلىدۇ. قىرغىزستان ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق دۆلەت تاموژنا تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشقا تاموژنا مۇلازىمەت باشقارمىلىرى «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون تاموژنا مۇلازىمەت باشقارمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئارىلىشىشقا يول قويۇلمايدۇ.

24. قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق دۆلەت تاموژنا تەكشۈرۈش ئىدارىسى مۇزاكىرىلىشىپ بېكىتكەن بىردەك پىكىرگە ئاساسەن، باش باشقارمىنىڭ قىرغىزستان ھۆكۈمىتى ئىمزالىغان كېلىشىمگە ئاساسلىنىپ، بەلگىلىگەن تەرتىپ بويىچە، بىشكەك شەھىرى ۋە ئوبلاستىدا باج كەچۈرۈم قىلىنغان رايون ۋە باج كەچۈرۈم قىلىنغان ئىسكىلاتلارنى قۇرۇش ھوقۇقى بار.

## 7- باب: «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدا باج يىغىش

25. قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنىنىڭ سەككىزىنچى ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقۇچىلاردىن (بەلگىلەنگەن

تەرتىپ بويىچە تىزىمغا ئالدۇرغان ۋەكالەتچى ۋە تەبىئىي شەخسلەردىن)، ئېلىنىدىغان بارلىق شەكىلدىكى باج، تاموژنا بېجى ۋە ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدىكى قائىدە-تەرتىپ ھەققى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

«بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون تەۋەسىدە «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا تىزىمغا ئالدۇرغان ئاساسلىق گەۋدىلەرنى تاۋار، ماتېرىيال، خام ماتېرىيال، يۇرۇشلەشكەن بىرىكمە دېتال ۋە زاپچاسلار بىلەن بىۋاستە تەمىنلەشتە قىممىتى ئاشقان باج، ئىستېمال بېجى ۋە تاموژنا بېجى ئېلىنمايدۇ.

## ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى

ئەگەر تاۋارنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىنكى قىممىتى ئاشقان سوممىسى ئىمپورت قىلغان چاغدىكى قىممىتىنىڭ 30% دىن ئاز بولمىسا، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىغا نىسبەتەن 15% تىن ئاز بولمىسا ياكى تاۋارنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەت تاۋار نومۇرىغا ئاساسەن تۆت خىل سورت ئىچىدىكى مەلۇم بىر خىلىغا يەتسە، ئۇنداقتا بۇ تاۋار «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان دەپ قارىلىدۇ.

«بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلار «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رابونى تەۋەسى ئىچىدە سېتىلغاندا باج-سېلىق ۋە تاموژنا بېجى تاپشۇرۇلمايدۇ. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدىن باشقا خېرىدارلار مەزكۇر رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنى سېتىۋالغاندا بۇ تاۋارلارنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدە سېتىش باھاسى بىلەن «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا سېتىپ ئېلىش باھاسى ئارىسىدىكى باھا پەرقى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

«بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلار مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرگە ۋە باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنغاندا باج-سېلىق ۋە تاموژنا بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا مەيلى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ياكى سېتىۋالغۇچىلار (ۋەكالەتچى ۋە تەبىئىي شەخسلەر)نىڭ ھەممىسى تاۋار ئېكسپورت قىلىش بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ.

## سودا پائالىيەتلىرى

«بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا تىزىمغا ئالدۇرغان ئورۇنلارنىڭ پارچە سېتىش سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. باج پۇلىنىڭ قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىگە كۆپلەپ كىرىشى ئۈچۈن، تاۋار سېتىۋالغۇچىلار «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتكەندە قوشۇلما قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى تاپشۇرىدۇ.

## قايتا ئېكسپورت قىلىش

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ۋە باشقا دۆلەتلەرگە بىۋاستە قايتا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون دائىرىسىگە كىرگەندە باج پۇلى، قائىدە-تۈزۈم ھەققى ۋە تاموژنا بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

«بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدىن قايتا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار ئۈچۈن باج پۇلى، قائىدە-تۈزۈم ھەققى ۋە تاموژنا بېجى ئېلىنمايدۇ.

## 8-باب: پۇل تۆلىگۈچىنىڭ

مەجبۇرىيىتى

26. قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى بەلگىلىگەن تەرتىپكە ئاساسەن، «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدىكى باج تاپشۇرغۇچىلار بوغالتىرلىق ھېساباتى ئېلىپ بارغاندا، مالىيە ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈمىنى قوللىنىدۇ.

## 9-باب: «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئەمگەك مۇناسىۋىتى

27. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدىكى كارخانا ۋە تەشكىلاتلار مۇستەقىل ھالدا ئۆز مەبلىغىگە تايىنىپ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك مائاش شەرتلىرىنى ۋە سانىنى شۇنداقلا تاشقى پىرېۋوت كىرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا كىرىملىرىنى بەلگىلەيدۇ.

28. كوللېكتىپ ۋە ئەمگەك كېلىشىمنامىسىدىكى ماددىلىرىنى قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى ھازىر يولغا قويۇۋاتقان ئەمگەك قانۇنى ۋە قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى ئېتىراپ قىلغان خەلقئارا ئەمگەك ئەھدىنامىسىدە بەلگىلەنگەن ماددىلارغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ كارخانا ۋە تەشكىلاتلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ كېلىشىم ماددىلىرىدىن قېلىشماسلىقى كېرەك.

## 10- باب: «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىغا كىرىپ-چىقىش تەرتىپى

29. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش باشقارمىسىغا بېرىلگەن ھوقۇققا ئاساسەن، مەزكۇر ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن چەت ئەل گراژدانلىرىنىڭ كىرىپ-چىقىشتىكى ئاددىيلاشتۇرۇلغان تۈزۈمى قوللىنىلىدۇ.

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «ماناس» ئاۋئاتسىيە پورتى كونسۇل مۇلازىمەت باشقارمىسى «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون تەۋەسىدە كونسۇل مۇلازىمىتىنى ئېلىپ بارىدۇ. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش باشقارمىسى تۈزگەن بىرلىككە كەلگەن پىكىرگە ئاساسەن، قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ئەستىقلاپ ئېتىراپ قىلغان ماددىلار بىلەن كونسۇل مۇلازىمەت باشقارمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەڭشەيدۇ.

## 11-باب: «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

30. باش دىرېكتور رەھبەرلىكىدىكى باش باشقارما «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ باشقۇرۇش ئورگىنى بولىدۇ.

31. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ باش دىرېكتورىنى قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تەيىنلەيدۇ. باش دىرېكتورنىڭ ھۆكۈمەتكە خىزمەتلىرىنى دوكلات قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

32. باش دىرېكتور مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنىغا ئىگە بولۇپ، ئورگاننىڭ تۈزۈلمە قۇرۇلۇشىنى بەلگىلەيدۇ.

33. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش دىرېكتورنىڭ رولى:

ـ «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا بۇيرۇق، كۆرسەتمە، قائىدە-تۈزۈم ۋە خىزمەت تەرتىپلىرىنى ئېلان قىلىش شۇنداقلا ئۇلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش؛

ـ «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدىكى ( ئاخىرى 38 ـ بەتتە )

# ئەرمىنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دىپلوماتىيە باج قانۇنى

ئەرمىنىيەنىڭ دىپلوماتىيە باجلىرىدىن تاموژنا بېجى، قوشۇلما قىممەت بېجى، ئىستېمال بېجى، تاپاۋەت بېجى، پايدا بېجى، مال-مۈلۈك بېجى ۋە يەر بېجى قاتارلىقلار بار. تاموژنا بېجى بىلەن قوشۇلما قىممەت بېجى بولسا تاشقى سودا پائالىيىتىدە ئەڭ ئاۋۋال ئېلىنىدىغان ئىككى ئاساسلىق تۈردۇر.

## تاموژنا بېجى

ئەرمىنىيە ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلاردىن تاموژنا بېجى ئالمايدۇ. ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارغا ئىككى خىل باج نىسبىتى قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇلار نۆل پىرسەنتلىك ۋە 10% لىك باج نىسبىتىدىن ئىبارەت. بۇ خىل تاۋارلاردىن باج ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قىممىتىگە ئاساسەن 0.3% لىك تاموژنا رەسمىيەت ھەققى ئېلىنىدۇ.

چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ ئەرمىنىيە چەت ئەل مەبلەغ سېلىش قانۇنى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن روېخەتكە ئېلىنغان مەبلەغ ياكى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى باجسىز ئېلىپ كىرىش ھوقۇقى بار.

نۆل پىرسەنتلىك تاموژنا بېجى ئېلىنىدىغان تاۋارلار ئادەتتە تۆۋەن باھالىق خام ئەشيا خاراكتېرىدىكى مەھسۇلاتلاردىن ئىبارەت. يېمەكلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تەييار مەھسۇلاتلارنىڭ تاموژنا بېجى نىسبىتى كۆپىنچە 10% بولىدۇ. تاموژنا بېجى چېگرىدا تاموژنا تەرىپىدىن ئېلىنىدۇ.

## قوشۇلما قىممەت بېجى

ئەرمىنىيەنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى قانۇنى 1997-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ يەسلىلىك تىجارەت سوممىسى 2 مىليون درام (تەخمىنەن 4 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا باراۋەر) دىن يۇقىرى بولسا، ئۇلاردىن قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىنىدۇ. سودا دائىرىسىدىكى قوشۇلما قىممەت بېجى سودا سوممىسى بويىچە ئېلىنىدۇ.

باج ئېلىش دائىرىسى: تاۋار (مەھسۇلات ۋە كۆچمەس مۈلۈك)نى باشقىلارغا سېتىپ بېرىش (ئۆتۈنۈپ بېرىش)، مال-مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ يۆتكىلىشى، ئەمگەك-مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش، تۆلەم بېرىش (غەيرىي ماددا خاراكتېرلىك قولدىن-قولغا ئۆتۈش، مەسىلەن، تاۋار ۋە كۆچمەس مۈلۈكنى ئىجارىگە بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى باج ئېلىش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ھەقسىز ياكى بىر قىسىم ھەق تۆلەنگەن ئىستېمال بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش ياكى قوشۇلما قىممەت بېجى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باشقا كىشىلەرنى ئەمگەك-مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگەن ۋە ياكى تەمىنلىگەن تاۋار ياكى ئەمگەك-مۇلازىمەت باھاسى ئىنتايىن تۆۋەن بولغانلاردىن قوشۇلما قىممەت

بېجى ئېلىنىدۇ.

قانۇن بەلگىلىمىسى بويىچە باج كەچۈرۈم قىلىنغان ئىمپورت تاۋارلىرى (مەسىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن ياردەم قىلىنغان ۋە سوۋغات قىلىنغان تاۋارلار) ياكى باشقا ھوقۇقلۇق تارماقلار باج كەچۈرۈم قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان تاۋارلاردىن باج ئېلىنمايدۇ.

باج كەچۈرۈم قىلىش دائىرىسى: 1. ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلغان چەت ئەل سالغان مەبلەغلەر ئىچىدە تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەر ۋە باشقا تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار؛ 2. قانۇنىي ئىگە ياكى قانۇنىي ئىگە بولۇش شەرتى ھازىرلانمىغان (مەسىلەن، يولداشلارچە شېرىكلەر) كارخانىلار مال-مۈلۈك-لىرىنى سېتىش ياكى ۋەيران بولۇپ ماللىرىنى ئېدىتلاپ سېتىش. 3. قانۇن بەلگىلىمىسى بويىچە مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلۈكنى سېتىش؛ 4. مالىيە ياردىمى ۋە پايدا؛ 5. تەبىئىي شەخسلەر ئۆزلىرى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىمپورت قىلغان تاۋار ۋە ئەمگەك-مۇلازىمىتى.

قوشۇلما قىممەت باج نىسبىتى: قوشۇلما قىممەت بېجى بولسا باج ئېلىنىدىغان تاۋار سوممىسى ۋە ئەمگەك-مۇلازىمىتىنىڭ سودا سوممىسىنىڭ 20% ى. مەزكۇر باج نىسبىتى قوشۇلما قىممەت بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاۋار ۋە ئەمگەك-مۇلازىمەت باھاسىنىڭ 16.67% ىگە باراۋەر بولۇپ، ئەگەر ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ئىستېمال بېجى ئېلىش دائىرىسىگىمۇ تەۋە بولسا، ئۇ ھالدا قوشۇلما قىممەت بېجىنى ھېسابلىغاندا ئىستېمال بېجىنىمۇ ھېسابقا كىرگۈزۈش كېرەك. ئۇنى ھېسابلاش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

قوشۇلما قىممەت بېجى نىسبىتى = تاۋار ياكى ئەمگەك-مۇلازىمىتىنىڭ قىممىتى ×(1+ ئىستېمال بېجى نىسبىتى)

يەككە ۋە كوللېكتىپ قوشۇلما قىممەت بېجىنى تاپشۇرغۇچىلار ھەم ئەمگەك-مۇلازىمىتى ۋە سودىنىڭ قىسمەن تۈرلىرىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجىگە قارىتا قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق تولەم سوممىسىنى كونكرېت بەلگىلەپ، شۇ ئارقىلىق قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولىدۇ.

ئېتىبار باج نىسبىتى ۋە نۆل پىرسەنتلىك باج نىسبىتى: تۆۋەندىكى تۈرلەردە قوشۇلما قىممەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ:

1. شەھەر مەمۇرىيىتىنى سۇ ۋە پار بىلەن تەمىنلەش، سەھىيە ۋە ساقلىق ساقلاش؛

2. دۆلەت مەبلەغ ئاجرىتىپ ئېلىپ بارغان سىناق، لايىھىلەش، پىلانلاش، تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش.

3. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىناق قىلىش (ئەرمىنىيىدە مەزكۇر مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن سىرت)؛

4. شەھەردىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيە قاتناش قوراللىرىنىڭ يولۇچىلارنى توشۇش مۇلازىمىتى؛

5. ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇش ھەققى ھەم كەسپىي مائارىپ ئوقۇش ھەققى؛

6. پەن-تەتقىقات خىزمىتى؛

7. بانكا ۋە سۇغۇرتا ئىشلىرى؛

8. ئىنسانپەۋەرلىك بىلەن قىلىنغان ياردەم، خەيرىيەت ئىشلىرى مەھسۇلاتلىرى ۋە ئەمگەك-مۇلازىمىتى.

قوشۇلما قىممەت بېجىنى تاپشۇرۇش مۇددىتى:

ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى مال يېتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ 10 كۈن ئىچىدە تاپشۇرۇلۇپ بولۇشى كېرەك. (03)

# شۋېيتسارىيە بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قازاقىستاننىڭ تاۋار ئېكسپورت قىلىشتىكى رىقابەت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بەردى

1998-يىلى 6-ئاينىڭ 11-كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالما-ئاتادا تۇرۇشلۇق باشقارمىسىدا «سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئېكسپورتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» لايىھىسىگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ لايىھىنى قازاقىستان ھۆكۈمىتى (ستراتېگىيىلىك پىلان مەھكىمىسى ۋەكىل بولۇپ)، شۋېيتسارىيە ھۆكۈمىتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىيات پىلانى مەھكىمىسى بىرلىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

بۇ لايىھىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 375 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى شۋېيتسارىيە ھۆكۈمىتى، قالغان 75 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىيات پىلانى مەھكىمىسى تەمىنلەيدۇ. مەزكۇر لايىھىنىڭ مەقسىدى، قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئېكسپورت كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

قازاقىستاننىڭ ستراتېگىيىلىك پىلان مەھكىمىسى ئالدى بىلەن يېنىك سانائەت، يېمەكلىك سانائىتى، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ياكى مۇلازىمەت كەسپى قاتارلىق ئىقتىسادىي دائىرىلەردىن ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىككى خىل كەسىپنى تاللاپ بېكىتىپ، ئاندىن مۇشۇ دائىرە ئىچىدە 12 خىل مەھسۇلاتنى ئېكسپورت قىلىش كارخانىلىرىنى تاللاپ چىقىدۇ. لايىھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغنى تەكشۈرۈپ، سورت تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاش ۋە ئېكسپورت قىلىش پۇرسىتىنى ئاشۇرۇشتىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، لاياقەتلىك بازار مۇلازىمەتچىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىدۇ. مانا بۇ چارە-تەدبىرلەرنىڭ كارخانىلارنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، چەت ئەل ۋە ئۆز رايونلىرىدىكى بازارلاردا خېرىدار تېپىشقا ياردىمى بولىدۇ.

شۋېيتسارىيىنىڭ ئالما-ئاتادا تۇرۇشلۇق پەخرىي كونسۇلى ئانتونىئو. كولبى ئەپەندى: بۇ لايىھىنىڭ ئىككى مەقسىدى بار، بىرى شۇ يەرلىك كارخانىچىلارغا رىقابەتلىشىشنى ئۆگىتىش، يەنە بىرى قازاقىستاننىڭ تاۋار ئېكسپورت قىلىشنى كېڭەيتىشكە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت دېدى. (ئا)

# قازاقىستان ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ئىرىشىپ ھەل قىلماقتا

1998-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرغان ئىشسىزلارنىڭ سانى 285 مىڭ 500 كىشىگە يەتتى. لېكىن مۇتەخەسسىسلەر بۇ سانلىق مەلۇمات كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولۇپ قالدى دەپ قارىدى. ئىشسىزلارغا بېرىلىدىغان ئىجتىمائىي ياردەم پۇلىغا ئېرىشەلەيدىغانلار 177 مىڭ كىشى بولۇپ، ئىجتىمائىي ياردەم پۇل سوممىسى 2718 تەڭگىگە يېتىدۇ.

قازاقىستاندىكى خېلى كۆپ ئاھالىلەر خىزمەت تېپىشقا ئامالسىز قېلىشتەك ۋەزىيەتكە بىۋاستە يۈزلەنمەكتە.

بۇندىن يەتتە يىل ئىلگىرى قازاقىستان «ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قانۇنى» نى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەد، ئىشسىزلارنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى تۆۋەنلىتىشتىن ئىبارەت. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بارلىق سىناقلارنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن بولدى. چۈنكى قوللىنىلغان چارە-تەدبىرلەر پەقەت ئىجتىمائىي ياردەم پۇلى تارقىتىش ياكى ئىشسىز قالغانلارنى كەسپىي بىلىم تەلىپى بولمىغان، ئىش ھەققى تۆۋەن خىزمەتلەرگە تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. ئىشسىزلار ئىشلەشنى ھەر ۋاقىت خالىمايدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندا ئازراق بولسىمۇ ئىجتىمائىي ياردەم پۇلىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. گەرچە بەزى خىزمەتلەرنى قىلغان تەقدىردىمۇ، ئېرىشەلەيدىغان ئىش ھەققى يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ.

پىرېزىدېنت ئەسلىدە ئۈمىدىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش فوندىغا باغلىغانىدى. لېكىن بۇنداق قىلىش پەقەت چىرىكلەشكۈچىلەرنى باققانلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشىغا ھېچقانداق ياردىمى بولمىدى. كىشىلەرنىڭ نارازىلىقى بىلەن جۇمھۇرىيەت يەنە «دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش فوندى بىلەن، ئىشقا ئورۇنلىشىش يېڭى ئورۇننى تەسىس قىلىش ۋە يەككە تىجارەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاشقا مۇناسىۋەتلىك تەرتىپ-مىزان» نى تەستىقلىدى.

بۇنىڭدىن مەقسەد، ئىشقا ئورۇنلىشىش يېڭى ئورۇننى تەسىس قىلىش لايىھىسىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى 1 مىليارد 843 مىليون تەڭگىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. 1998-يىلى 1-پەسىلدە سەككىز تۈر ئۈچۈن 5 مىليون 585 مىڭ تەڭگە ئاجرىتىلغان بولۇپ، 2-پەسىلدە 1-پەسىلدىكىگە قارىغاندا سەل كۆپەيدى. ئىشقا ئورۇنلىشىش يېڭى ئورۇننى تەسىس قىلىش ئۈچۈن جەمئىي 70 مىليون تەڭگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان پۇل ئاجرىتىلدى. 1998-يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىشقا ئورۇنلىشىش فوندى ئىجرائىيە كومىتېتى جەمئىي 230 خىل ئىلتىماسنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 52 خىل تۈرگە 26 مىليون 466 مىڭ تەڭگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان پۇل ئاجرىتىپ، 494 يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورۇننى تەسىس قىلدى. (ئاخىرى 17-بەتتە)

# قازاقستان ئاھالىلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئامراتلىقتا ياشىماقتا

1998-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە قازاقستان جۇمھۇرىيىتى ئەمگەك ۋە ئاھالىلارنىڭ ئىجتىمائىي قوغدىنىش مىنىستىرلىكى، ستاتىستىكا-ئانالىز كومىتېتى، دۇنيا بانكىسى ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەتقىقات ئورنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرەققىيات پىلانى مەھكىمىسى ئالما-ئاتا شەھىرىدە ئەمگەك ۋە ئاھالىلارنىڭ ئىجتىمائىي قوغدىنىش مىنىستىرلىكى ۋە ستاتىستىكا-ئانالىز كومىتېتى مەسئۇللىرى، ھەرقايسى ئوبلاستتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە مەسئۇل مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى ئۈچۈن بىر قېتىملىق «قازاقستان ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە ئىجتىمائىي قوغدىنىش سىستېمىسى» دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئورۇنلاشتۇردى.

مۇھاكىمە يىغىنىدا شەكىللەنگەن پىكىر ۋە ئانالىز ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە قازاقستان ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەلىللىشىچە، قازاقستان ئاھالىلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك نامراتلىقتا ياشايدىكەن. ئائىلە كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمى مائاشتىن كېلىدىغانلار 74% نى ئىگىلەيدۇ. 1997-يىلى ئاھالىلارنىڭ كىرىمى ھەرگىز ئاشقىنى يوق. كارخانا ۋە ئورۇنلارنىڭ مائاشىنى كېچىكتۈرۈپ تارقىتىش ئاھالىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە نىسبەتەن پاسسىپ رول ئوينايدۇ. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 1997-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە تارقىتىشقا تېگىشلىك تارقىتالمىغان مائاش سوممىسى 51 مىليارد 600 مىليون تەڭگە بولغان، 1998-يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ يەنە 3 مىليارد 600 مىليون تەڭگە كۆپەيدى (7%).

ئاھالىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە دوكلات بەرگۈچىنىڭ قارىشىچە، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەمگەك بازارلىرىدا ئىقتىسادىي ئۆتكۈنچى دۆلەتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك بىر قىسىم ۋەزىيەت شەكىللەنگەن، مەسىلەن، ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، يېرىم ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىلار ۋە يوشۇرۇن ئىشسىزلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئىجتىمائىي ئەمگەك ساھەسىدىكى بازار مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقى، مۇكەممەل بولغان ئىجتىمائىي ھەمكارلىق مۇناسىۋەت تۈزۈلمىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى قاتارلىقلار. 1997-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشسىزلارنىڭ سانى 258 مىڭ 500 ئادەمگە (3.8%) يەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىنمۇ كۆپ. تەڭپۇڭلۇق جەدۋىلىدە 1 مىليوندىن كۆپ بولۇپ، ئىقتىسادىي مۇستەقىل ئادەملەر سانىنىڭ 13.5% نى ئىگىلەيدۇ. قازاقستاندا مۇستەقىل ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىلار 22.7% نى ئىگىلەيدۇ. 1997-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئورنىدا تىزىمغا ئالدۇرغان ئىشسىزلار 268 مىڭ 200 بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 67% ئادەم

ئىشسىزلار قوشۇمچە ياردەم پۇلىغا، %2.6 ئادەم باشقا شەكىلدىكى ئىجتىمائىي قوغدىنىشقا ئېرىشكەن. 1997-يىلى 6-ئاينىڭ بېشىغىچە 155 مىڭ نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولغان.

1998-يىلى 1-ئايدا ئاھالىلارنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالى بىلەن ئانچە يۇقىرى بولمىغان كىرىمگە ئاساسەن ھېسابلاپ چىقىلغان ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش پۇلى 3294 تەڭگە بولغان، ئىستېمال ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا بولسا 3707 تەڭگە بولغان، ئوتتۇرىدىكى پەرق %12 ، %15 ، %30. ئاھالىلارنىڭ كىرىمى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ھېسابلاپ چىقىرىلغان ساندىن تۆۋەن. بۇ سان سوتسىيالىزم دەۋرىدىكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق. قازاقىستاندىكى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش پۇلى ئىچىدە يېمەكلىكتىن باشقا ئاساسىي تاۋارلارنى سېتىۋېلىشقا ۋە مۇلازىمەتكە ئىشلىتىلىدىغان پۇل %30 نى ئىگىلەيدۇ، قوشنا دۆلەت قىرغىزىستاندا بولسا %20 نى ئىگىلەيدۇ.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، نامراتلىق بىلەن كۈرەش قىلىشتىكى مۇھىم خىزمەت نىشانى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن سىرت، يەنە چەكلىك مالىيە مەبلىغى بىلەن ھازىرقى ئىجتىمائىي پىلاننىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش شۇنداقلا قاراتمىلىققا ئىگە يېڭى پىلانلارنى تۈزۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا بۇ خىزمەت يەنە ئاھالىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تەھلىل قىلىپ نامراتلىق دەرىجىسىنى بەلگىلەش، نامراتلار ۋە ئۆي-ماكانسىزلارنىڭ سانىنى ستاتىستىكا قىلىپ ۋە بەلگىلەپ ئۇلارغا ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئاھالىلارنى ئىجتىمائىي قوغدىنىش بىلەن تەمىنلەش، خەير-ساخاۋەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىجتىمائىي ياردەم پىلانىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قوغدىنىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يەنە كارخانىلارنىڭ ئەمگەكچىلەرگە ھەق بېرىش جەھەتتە قانۇنغا رىئايە قىلغان-قىلمىغانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش كېرەك. ئەگەر ئىشچى ياللىغۇچى مائاشنى كېچىكتۈرسە تۆلىمەكچى بولغان مەبلەغ نازارەت قىلىنىدۇ. ئىلگىرى پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ پېنسىيە مائاشىنى ھازىر پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ پېنسىيە مائاشىغا تەڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇناسىپ مېخانىزم تۈزۈش كېرەك. خەير-ساخاۋەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، نامرات خەلقلەرگە ياردەم بېرىش ئومۇمىي خەلق فوندى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. ئالاھىدە جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن كىشىلەر، مەسىلەن مۇساپىر، ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىغۇچىلار، ئېكئولوگىيىلىك ئاپەت رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر، شۇنداقلا باشقا قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەرنى ھەقسىز ياتاق بىلەن تەمىنلەيدىغان ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئورنى ئاھالىلارنىڭ نامراتلار ئۈچۈن ئېچىلغان كېيىم-كېچەكلىرىنى يىغىش مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇش توغرىسىدا پىكىر بەردى.

خەلق پىكرىنى تەكشۈرۈشتە كۆرسىتىلىشىچە، قازاقىستاننىڭ ھازىرقى ئەڭ تۆۋەن ئايلىق كىرىمى 5110 تەڭگىدىن ئاز بولماسلىقى، ئوتتۇرىچە كىرىمى 10960 تەڭگىگە يېتىشى، بىر مۇئاۋىن دوكتورنىڭ ئايلىق كىرىمى 500 ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپ بولىشى كېرەك ئىكەن.

سالاۋات مەھمىرا(ت)

# جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە تۇرۇشلۇق سودا ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

1998-يىلى 8-ئاينىڭ 31-كۈنى جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتتە تۇرۇشلۇق سودا ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىرى قاتناشقان دوكلات يىغىنى ئۈرۈمچىنىڭ كوئېنلون مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا جۇڭگونىڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستاندا تۇرۇشلۇق سودا ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىرىدىن جاۋخۇا، چيۇشۇلىن، رۇن جېڭلى، جۇچۇندۇڭ، ساۋشۇجىياڭ قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىقتىسادىي سودا نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇيى رىياسەتچىلىك قىلدى. بەش دۆلەتتىكى مەسلىھەتچىلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ دۆلەت ئەھۋالى، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى، سودا سىياسىتى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ قوللىنىشقا تېگىشلىك مۇناسىپ سىياسىتىنى تونۇشتۇردى.

قازاقىستاننىڭ 1997-يىللىق تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليارد 612 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورت سوممىسى 4 مىليارد 135 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، جۇڭگو بىلەن بولغان سودا ئومۇمىي سوممىسى 537 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان. 1998-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ئىمپورت تاموژنا بېجى، قوشۇلما قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنى ئۆستۈردى. قىرغىزىستاننىڭ ئىمپورت-ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدا ئۇزلۇكسىز مۇقىم تۇرماقتا. مۆلچەرلىنىشىچە 1998-يىللىق ئىمپورت-ئېكسپورت تەڭلىشىشى مۇمكىن. يېقىندىن تەيىنلەنگەن زۇڭلى مەبلەغ سالغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈردى ھەمدە مەبلەغ سېلىش قانۇنىنى ئېلان قىلدى. بۇ قانۇنغا ئاساسەن ئادەتتىكى تاۋارلاردىن 20% قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىنىدۇ. تاجىكىستان ئاساسەن چەت ئەلنىڭ ياردىمىگە تايانماقتا. 1997-يىللىق ئىمپورت سوممىسى 274 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە رەڭلىك تېلېۋىزور 190 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئىگىلەيدۇ. ئۆزبېكىستاننىڭ 1997-يىللىق تاشقى ئىمپورت سوممىسى 4 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليارد 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى. ھۆكۈمەت سودىدا كەڭ قويۇۋېتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئىمپورت تاموژنا بېجىنى ئازايتىپ ئېكسپورتنى رىغبەتلەندۈردى. تۈركمەنىستاننىڭ 1998-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى ئىقتىسادى داۋاملىق مۇقىم ئېشىش ۋەزىيىتىنى ساقلىماقتا. سانائەت كارخانىلىرى ياراتقان ئالدىنقى يېرىم يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 2 ترىللىيون 200 مىليارد مانات بولغان، ئېلىنغان نېفىت مىقدارى 2 مىليون 800 مىڭ توننا بولغان. ئېنېرگىيە تارماقلىرىنىڭ

# ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى 98-يىللىق ئۈرۈمچى كېڭەشمە يىغىنىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى

1998-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە 7-نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى كېڭەشمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى كېڭەشمە يىغىنىدا رەسمىي تىزىمغا ئېلىنغان 32 دۆلەتتىن كەلگەن سودىگەر ۋە مېھمانلار 630 كىشىگە يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن كەلگىنى 6 تەشكىلات، 48 ئادەم بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 4 تەشكىلاتنى يەنى قىرغىزستان سودا سانائەت ئۇيۇشمىسى، قازاقىستان تراكتور زاۋۇتى، قازاقىستان سودا سانائەت ئۇيۇشمىسى، تۈركمەنىستان سودا سانائەت ئۇيۇشمىسىنى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى تارقاق سودىگەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى كېڭەشمە يىغىنىدا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ 6 كۆرگەزمە ئورنى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆرگەزمە بۇيۇملىرىدىن ئاساسلىقى دورا، دوختۇرلۇقتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار، مەھسۇلاتلارنى تەشۋىق قىلىش كىتابچىلىرى ۋە ھۈنەر-سەنئەت مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار بار. ئۈرۈمچى كېڭەشمە يىغىنى جەريانىدا قىرغىزستان ۋە قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەر يەنە جۇڭگونىڭ مۇناسىۋەتلىك كارخانىلىرى بىلەن كەسپىي سۆھبەت ئېلىپ باردى. بۇ نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى كېڭەشمە يىغىنىنىڭ ئومۇمىي كېلىشىم سوممىسى بىر مىليارد 287 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئومۇمىي كېلىشىم سوممىسى بولسا 438 مىليون 495 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستاننىڭ ئومۇمىي كېلىشىم سوممىسى 306 مىليون 845 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئۇ چەت دۆلەتلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

بۇ نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى كېڭەشمە يىغىنىدىكى تاشقى سودا پۈتۈشۈش جەريانىدىكى ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن ئاساسلىقى كابېل، پاختا، پەمىدور قىيامى، قوم شېكەر، ئىسپىرت، شىبىلىت، يىپەك، كىيىم-كېچەك قاتارلىقلار بار. ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن بولسا كېرەكسىز مىس، پولات ماتېرىيالى، تۆمۈر قوم رۇدىسى، پاختا تىۋىتى، كېرەكسىز ئاليۇمىن ۋە كېرەكسىز پولات قاتارلىقلار بار. (03)

---

سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىدىكى ئۈلۈشى 35% نى ئىگىلەيدۇ.

جۇڭگو تەدبىر قوللىنىپ ئېكسپورتنى كېڭەيتىشى، ئالما-ئاتادىكىدەك خەلقئارا سودا مەركىزى قۇرۇشى كېرەك. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان قانۇن سىياسەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش ھەم بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، دۆلەت ئىچىدىكى ئەمەلىي كۈچكە ئىگە كارخانىلارنى مۇناسىپ مەبلەغ سېلىشقا تەشكىللەش لازىم.

ئېلدان ئىسھاقوۋ(ت)

# ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا مەسلىسى خەلقئارا يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەققىياتى خەلقئارا يىغىنى 1998-يىلى 9-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدىكى يەر شارى مېھمانخانىسىدا ئېچىلدى. يىغىن راسخودىنى گوللاندىيە بىلەن شۋېيتسارىيە ئۈستىگە ئالدى. جۇڭگو، ئامېرىكا، رۇسىيە، ھىندىستان، پاكىستان، گوللاندىيە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا بەش دۆلەت قاتارلىق 22 دۆلەتنىڭ 170 نەپەر ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى. تۇنجى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەققىياتى خەلقئارا يىغىنى 1984-يىلى موڭغۇلىيىنىڭ ئۇلانباتور شەھىرىدە ئېچىلغانىدى. شۇ چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەققىياتى كېڭەش مەجلىسى قۇرۇلۇپ، قىسقارتىپ «CODOCA» دەپ ئاتالغانىدى.

يىغىندا ئوتتۇرا ئاسىيا قازاقستان، قىرغىزستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، رۇسىيىنىڭ شەرقىي قىسمى، موڭغۇلىيە، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى (شىنجاڭ، شىزاڭ، چىڭخەي)، نېپال، بۇتان، ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى، پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ۋە ئافغانىستان قاتارلىق رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى بەلگىلەندى. يىغىندا ئاساسلىقى كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقان تۇرمۇش سەۋىيىسى بىلەن رايونلارنىڭ ئاجىز مۇھىتى ۋە ئالاھىدە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندىكى مەركىزىي تېما: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قۇرغاق تۇزلەڭلىكى بىلەن يەرلىرىنىڭ چەكلىك كۆتۈرۈش ئىقتىدارى بۇ رايوندىكى ئورتاق مۇھىت ۋە تەرەققىيات مەسىلىسىنىڭ تۈگۈنى. نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنغان كەسپىي مەسىلە: يەردىن داۋاملىق پايدىلىنىش، سۇ-تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى كونترول قىلىش، سۇ مەنبەسىنى قوغداش، يېزا ئىقتىسادى قاتارلىقلار. بۇ قېتىمقى يىغىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەرەققىياتىنى ستراتېگىيىلىك مۇلاھىزە قىلىدىغان خەلقئارا يىغىندۇر. جۇڭگولۇق ئون نەچچە نەپەر ۋەكىلنىڭ ئېنگلىز تىلىدا بەرگەن دوكلاتى يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. يىغىندا «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈرۈمچى خىتابنامىسى» ئېلان قىلىندى. (02)

---

(بېشى 45-بەتتە)

4-پەسلدە CDMA ئالاقىلىشىش تېمىسىنى قوللىنىش ئىجازەتنامىسىدىن ئىككىسى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا 1999-يىلى 4-5 كىچە مۇشۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار قازاقستاننىڭ ھەر كۈنىكىسمان ئالاقە بازىرىدا ھەققىي رىقابەت ئېلىپ بارىدۇ ۋە كەلگۈسىدە 100 مىڭ ھەر كۈنىكىسمان ئالاقە ئابونتىغا ئىگە بولالايدۇ، دېدى. (03)

# قىرغىزستاننىڭ ئىقتىسادىدا ئېشىش بولدى

## چىقىمنى كونترول قىلىش

قىرغىزستان دۆلەت ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1998ـيىلى 1ـئايدىن 4ـئايغىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 7 مىليارد 568 مىليون 700 مىڭ سوم بولۇپ، 1997ـيىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 9.9% ئاشقان. ئەگەر كۆمىتور كان كارخانىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا 3.1% ئاشقان.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 45.5% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە سانائەت بويۇملىرى 21.8% نى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى 22% نى، مۇلازىمەت تارماقلىرى 43.9% نى ئىگىلەيدۇ.

بىرىنچى پەسلدە دۆلەتنىڭ خام چوت قىزىل رەقىمى 36 مىليون 700 مىڭ سوم بولۇپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 0.7% نى ئىگىلىدى. دەسلەپكى ئۈچ ئايدىكى كىرىم 1 مىليارد 312 مىليون 900 مىڭ سوم بولدى (ھۆكۈمەتنىڭ ئاجراتقان پۇلى بىلەن مەخسۇس تۈرلەرگە ئىشلىتىلگەن مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇ 1997ـيىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 45.7% كۆپ، بىراق تۈزىتىش پىلانىدىكىدىن 11% ئاز (161 مىليون 800 مىڭ سوم).

دۆلەتنىڭ خام چوت كىرىمىدە باج يىغىشتىن كېلىدىغان كىرىم 83% نى ئىگىلەيدۇ. 1997ـيىلنىڭ بىرىنچى پەسلىگە سېلىشتۇرغاندا باج كىرىمى 383 مىليون 800 مىڭ سوم بولدى.

مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 349 مىليون 600 مىڭ سوم بولۇپ تۈزىتىش پىلانىنىڭ 76.3% نى ئىگىلىدى. چىقىمنىڭ 59.2% ى (798 مىليون 400 مىڭ سوم) ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ساھەسىگە ئىشلىتىلدى، 360 مىليون 800 مىڭ سوم ئاممىۋى مۇلازىمەت كەسپلىرى، دۆلەت مۇداپىئەسى، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە بىخەتەرلىك قاتارلىق ساھەلەرگە ئىشلىتىلدى، 71 مىليون 500 مىڭ سوم ئىقتىساد تارماقلىرىنىڭ مالىيىسىگە ئاجرىتىلدى، قالغانلىرى باشقا تۈرلەرگە ئىشلىتىلدى.

## ئىسكىلاتتىكى تاۋارلارنىڭ بېسىلىپ قېلىشى ئېغىر

1998ـيىلى 1ـئايدىن 4ـئايغىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 156 مىليون 300 مىڭ سوم بولدى. سانائەت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 1997ـيىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 139% ئاشتى. ئەگەر كۆمىتۈر كان كارخانىلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى ھېسابلىمىغاندا مەملىكەت بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 843 مىليون 100 مىڭ سوم بولدى (1997ـيىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 102.6% ئاشتى).

1998ـيىلى 1ـئايدىن 4ـئايغىچە مۆلچەرلەنگەن پىلان 97.5% تاماملاندى.

جالال-ئاباد ئوبلاستىدىن باشقا ئوبلاستلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات مىقدارى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشتى. 4-ئايدا 240 خىل مۇھىم سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە مىقدارى ئاشقانلىرى 102 خىل، تۆۋەنلىگەنلىرى 104 خىل، ئىشلەپچىقىرىلمايدىغانلىرى 34 خىل.

كارخانىلارنىڭ ئىسكىلاتتىكى تېخى سېتىلمىغان تاۋارلىرى 4-ئاينىڭ بېشىدىلا 748 مىليون 300 مىڭ سومغا يەتتى (بىر ئاي ئىچىدىلا 24 مىليون 500 مىڭ سوم). ئىسكىلاتتىكى تاۋارلار ئىچىدە ماشىنىسازلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى 34.8% نى، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى 18.4% نى، رەڭلىك مېتال مەھسۇلاتلىرى 11.3%نى، يېمەكلىك سانائىتى مەھسۇلاتلىرى 8.5% نى ئىگىلەيدۇ.

4-ئاينىڭ بېشىغىچە 162 كارخانا زىيان تارتىپ، زىيان تارتىش سوممىسى 74 مىليون 600 مىڭ سومغا يەتتى. زىيان تارتقان كارخانىلارمۇ ئاساسەن ماشىنىسازلىق (46 كارخانا)، يېمەكلىك سانائىتى (37 كارخانا) ۋە يېنىك سانائەت (22 كارخانا) كەسىپلىرىگە مەركەزلەشكەن.

## مەبلەغ قوشقان كارخانىلار

90-يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ مەبلەغ قوشقان كارخانىلارنىڭ سانى مۇقىم ھالدا ئاشتى. 1998-يىلى 1-ئايغىچە چەت ئەلنىڭ مەبلەغ قوشقان كارخانىلىرى 3273 كە يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە 1396 سى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مەخسۇس چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلاردىن 948 ى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە 351 كارخانا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

مەبلەغ قوشقان كارخانىلار ئىچىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى روسىيە شىركەتلىرى (ئومۇمىي سانىنىڭ 20.8% نى ئىگىلەيدۇ)، تۈركىيە شىركەتلىرى (12.8%)، جۇڭگو شىركەتلىرى (10%)، قازاقىستان شىركەتلىرى (11.4%)، گېرمانىيە شىركەتلىرى (5.6%)، ئامېرىكا شىركەتلىرى (5.2%)، ئىران شىركەتلىرى (4.5%) ۋە ئافغانىستان شىركەتلىرى (3.5%) بار.

مەبلەغ قوشقان كارخانىلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ سانى پۈتكۈل ئىقتىسادىي ساھەدىكى خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 1.2% نى ئىگىلەيدۇ، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 10.56% نى ئىگىلەيدۇ. 1997-يىلى چەت ئەل مەبلەغ قوشقان كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاشى 2555.9 سوم بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى كارخانا، ئىدارە ۋە ئورگانلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاشىدىن تۆت ھەسسە كۆپ بولدى.

روشەن بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، مەبلەغ قوشقان كارخانىلاردىكى ئۈچتىن بىر قىسىم خىزمەتچىلەر ئايال، تەخمىنەن 36% خىزمەتچى 30 ياشتىن تۆۋەن ياشلاردۇر.

1998-يىلى 1-ئايغىچە مەبلەغ قوشقان كارخانىلارنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان ئومۇمىي مەبلىغى 1 مىليارد 543 مىليون 700 مىڭ سوم بولدى، ئۆتكەن يىلى دۆلەت ئىچىدىكى بازارلاردا ساتقان تاۋار ۋە مۇلازىمەت سوممىسى 6 مىليارد 24 مىليون 100 مىڭ سوم، يەنى 369 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. دۆلەت سىرتىدىكى بازارلاردا ساتقان تاۋار ئومۇمىي سوممىسى 104 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكادوللىرىغا يېتىپ پۈتۈن دۆلەت بويىچە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 17.3%نى ئىگىلىدى.

1998-يىلى 1-ئايغىچە چەت ئەلنىڭ

سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 572 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەر سالغان مەبلەغ 561 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر سالغان مەبلەغ 10 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. ئاساسلىق مەبلەغ سالغان دۆلەتلەر كانادا، تۈركىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا.

## باھانىڭ ئۆرلىشى ئاستىلىدى

1998-يىلى 4-ئايدىكى پۇل پاخاللىقى نىسبىتى 0.8% بولدى، يىلنىڭ بېشىدا بولسا 5.7% ئىدى.

بىر ئاي ئىچىدە يېمەكلىكنىڭ باھاسى 1.4% ئۆرلىدى. كۆپرەك ئۆرلىگەنلىرى گۆش ۋە تۇخۇمنىڭ باھاسى بولۇپ 2.1% ئۆرلىدى. كۆكتاتلارنىڭ باھاسى 1.3 ھەسسە ئۆرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاق شېكەر، ئۆسۈملۈك مېيى، كالا سۈتى ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى مەلۇم دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. يېمەكلىكتىن باشقا تاۋارلارنىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ئاساسەن ئۆزگەرمىدى. 4-ئايدا بولسا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.6% تۆۋەنلىدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بېنزىننىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.5% تۆۋەنلىدى، بىشكەكتە بولسا 6.4% تۆۋەنلىدى.

ئاھالىلارنىڭ ھەقلىق مۇلازىمەتنى جەھەتتە، باھا نىسبىتى يىل بېشىدىن باشلاپ 7% ئۆرلىدى، 4-ئايدا 0.2% ئۆرلىدى.

## مائاشنىڭ ئېشىشى كۆپ ئەمەس

1998-يىلى 3-ئايدا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆلچەملىك مائاشى 746.2 سوم (41.5 ئامېرىكا دوللىرى) بولدى. 3-ئايدا مائاشنىڭ ئېشىشىدىكى سەۋەب بىرىنچى يەسلىلىك ئەمگەك نەتىجە مۇكاپاتى ۋە بىر قېتىملىق مۇكاپاتلاشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

4-ئاينىڭ بېشىدا تارقىتالمىغان مائاش سوممىسى 194 مىليون 900 مىڭ سومغا يەتتى. ئاساسلىقى پوچتا-تېلېگراف، قاتناش، سودا، ئاھالىلەر تول تەمىناتى، گېئولوگىيىلىك چارلاش ۋە گىدرومېتېئورولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردە تارقىتالمىغان مائاش سوممىسى ئاشتى، باشقا تارماقلاردا تۆۋەنلىدى.

4-ئايدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن ئىستېمال خام چوتى 796.72 سوم بولدى (ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ 931.53 سوم، پېنسىيە خادىملىرىنىڭ 633.37 سوم، باللارنىڭ 703.99 سوم ).(02)

---

(بېشى 26-بەتتە)

بارلىق ئورگان ۋە ئاساسلىق گەۋدىلەرنىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشقا، ئادەتتىكى خەلقئارا مەجبۇرىيەت ۋە مەزكۇر قائىدىنى ئادا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش؛

— «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىنى بەلگىلەش ۋە قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىغا ئېرىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش؛

— «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىدىكى ئاساسىي گەۋدىلەر تىزىمغا ئالدۇرغان گۇۋاھنامە ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇن گۇۋاھنامىسىنى چىقىرىپ بېرىش قاتارلىقلار.

34. «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش باشقارمىسى ۋەكالەتچى سۈپىتىدە «بىشكەك» ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.(01)

# قىرغىزستاننىڭ تاماكا سانائىتى چەت ئەلنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى

قىرغىزستان دۆلەتلىك تاماكا ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئەنۋەر ئالماتوۋ مۇخبىرلارغا ئۆز دۆلىتىنىڭ تاماكا سانائىتىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى سۆزلەپ بەردى.

10 يىلنىڭ ئالدىدا قىرغىزستان ھەر يىلى 80 مىڭ توننا سۈپەتلىك كۆك تاماكا ئىشلەپچىقىراتتى. ئىشلەپچىقىرىلغان كۆك تاماكىمۇ يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولۇپ، بىر قىسىم سورتلىرىنى ئامېرىكىدىكى شىركەتلەر سېتىۋېلىپ ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان سىگارېتنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى.

بىراق يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان، تاماكا سانائىتى كەينىگە چېكىنىپ كېتىپ يىلدا ئاران 17 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. كىشىنىڭ تېخىمۇ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدىغىنى كۆك تاماكىنىڭ سۈپىتى بەكلا تۆۋەنلەپ كەتتى. دۆلەت تاماكا مونوپول ھوقۇقىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن دېھقانچىلىق مەيدان خوجايىنلىرى تاماكا ئۆستۈرۈش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئۇلار تېخىمۇ كۆپ پۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈن تاماكا ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئۆز ئالدىغا ئېچىتىش ئارقىلىق كۆك تاماكا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. تاماكا سانائىتىنىڭ كەينىگە چېكىنىپ كېتىشىدىكى سەۋەب دەل شۇنىڭدا. يىرىم قول ھۈنەرۋەن شەكلىنى ئالغان ئېچىتىش سېخلىرى ئەلۋەتتە يۇقىرى ھۈنەر-سەنئەتكە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. كۆك تاماكىدا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ھاسىل قىلالمايدۇ. شۇڭا ئىشلەپچىقىرىلغانلىرى تامامەن دېگۈدەك سۈپەتسىز مەھسۇلاتلاردۇر. رىقابەتلەشكۈچىلەر ئەلۋەتتە بۇ ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىپ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى. قىرغىزستان تاماكىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى بازارلىرىنى قولدىن بېرىپ قويدى. ئوش، جالال-ئاباد ۋە تالاس قاتارلىق ئۈچ ئوبلاستتىكى نەچچە ئون مىڭلىغان ئائىلىلەر تاماكا ئۆستۈرۈش بىلەن جېنىنى باقىدۇ.

1997-يىلى قىرغىزستان ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىدىكى خاتالىقنى ئاخىرى تونۇپ يېتىپ، بىر قىسىم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تاماكا ئېچىتىش زاۋۇتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇلار پىششىقلاپ ئىشلىگەن تەخمىنەن 10 مىڭ توننا كۆك تاماكىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېكسپورت قىلىندى. بىراق دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا توختاپ قالاي دەپ قالغان تاماكا سانائىتىنى قايتا گۈللەندۈرۈشنىڭ تەسكە توختىشى تۇرغانلا گەپ. بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە مىليون سوم مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. مالىيە خام چوتىدا بولسا بۇنچىلىك كۆپ پۇل يوق.

بىراق چەت ئەلنىڭ تاماكا شىركەتلىرىدە بۇ پۇل بار. ئۇلار يېقىندىلا مېتال پۇل بىلەن قىرغىزستان تاماكىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئۆز دۆلىتىدىكى خام ئەشيانىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى. (ئاخىرى 49-بەتتە)

# قازاقىستان شېكەر بازىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ شېكەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋ.شۇتياپىۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان يىغىندا، ھەر بىر كىلوگرام شېكەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى توپ تارقىتىش باھاسىنى 45ـ50 تەڭگىگە چۈشۈرۈش، شۇنداقلا يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە باھانى ئۆستۈرمەسلىك توغرىسىدىكى كاپالەتنامىگە شېكەر شىركەتلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئورتاق ئىمزا قويۇشى تەلەپ قىلىندى. ئەگەر شېكەر سېتىش سودىگەرلىرى ۋە شېكەر ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى نەسىھەتنى ئاڭلىمىسا، ئۇلار مونوپولغا قارشى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. مۇبادا مەلۇم بىر شىركەتنىڭ سېتىش سوممىسى بىر ئوبلاستىنىڭ بازىرىدا 30% ياكى ئۇنىڭدىن كۆپنى ئىگىلىسە، مال باھاسى ۋە مونوپولغا قارشى سىياسەتلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇ شىركەتنىڭ شېكەر باھاسىنى كونترول قىلىدۇ.

مۇئاۋىن زۇڭلىسى شۇتياپىۋ: چۈنكى قازاقىستاندا شېكەر باھاسى شەكىللىنىۋاتقاندا بازار پرىنسىپى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى، شۇڭا كۈچلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ شېكەر بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىشىمىز كېرەك دەپ چۈشەندۈردى. دۆلەتلىك ستاتىستىكا باشقارمىسىنىڭ ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، 1997ـيىلىنىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە، جۇمھۇرىيەتتىكى بارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى بىر قەدەر تۆۋەنلىگەن. پەقەت شېكەرنىڭ باھاسى 52% ئۆرلەپ، ھەر بىر كىلوگرام شېكەرنىڭ باھاسى ئەسلىدىكى 47 تەڭگىدىن 71 تەڭگىگە چىققان. قازاقىستاننىڭ شېكەر مەھسۇلات مىقدارى 66.7% — 75% تۆۋەنلەپ كەتكەن، سەككىز شېكەر ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىدىن پەقەت ئىككىسى شېكەر ئىشلەپچىقارماقتا.

جۇمھۇرىيەت ئىقتىسادىي سودا مىنىستىرلىكى مال باھا ۋە مونوپولغا قارشى سىياسەتلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رادوستوۋس شېكەر مەسىلىسى توغرىسىدا ئوبزور ئېلىپ بارغاندا، شېكەر باھاسىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر قانچە ئاساسلىق ئامىللارنى مىسالغا ئالدى، يەنى شېكەر ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان قىزىلچىنىڭ تېرىلىش كۆلىمىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى؛ شېكەر ئىمپورت قىلىش مىقدارى ئازىيىپ كېتىش؛ ئالتە شېكەر ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىشى؛ رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدىن شېكەر ئىمپورت قىلغاندا قىممىتى ئاشقان باجغا ئاساسەن ئۆزئارا ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار. شۇڭا ئىمپورت قىلىنىدىغان شېكەرنىڭ باھاسى 18% ئۆرلىدى. شېكەر ئىمپورت قىلىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر توسالغۇ — تاۋار ئىمپورت قىلىش گۇۋاھنامىسى ئېلىشتا بوقۇم شۇ

مۇرەككەپ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشتىن ئىبارەت.

مونوپولغا قارشى تۇرۇشنى ئاساسلىق باشقۇرۇش تارماقلىرىمۇ توپ سېتىش سودىگەرلىرىنىڭ شېكەر بازارلىرىغا نىسبەتەن قانۇنسىز تەسىر كۆرسىتىش مۇمكىنچىلىكىنى نەزەرگە ئالمىدى. 1997-يىلى 7-ئايدا ئالمۇتا ئوبلاستى بىلەن قاراغاندا ئوبلاستىدىكى شېكەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا مۇناسىۋەتلىك تۆت تۈرلۈك قارار ماقۇللاندى. بىر-بىرىگە باغلىنىپ كەتكەن مال باھاسى، بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە رىقابەتلىشىشنى چەكلىگۈچىلەرنىڭ دېلولىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلماقتا. ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش تاكى ئۇلار ئۈستىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىنغىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

دۆلەتلىك ستاتىستىكا باشقارمىسى شېكەر باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىش سەۋەبىنى پەسىل خاراكتېرلىك بازار مەنبەسى يېتىشمەسلىك ۋە تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىق قاتارلىقلارغا يىغىنچاقلىدى. مال باھاسى ئۈستىدە سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىكى ماتېرىياللار، 1997-يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنى ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە سودا تورىدا پەقەت 70% شېكەر سېتىلىدىغانلىقىنى، 1996-يىلى 6-ئايدا بولسا ھەممە يەردە شېكەر سېتىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادى سودا مىنىستىرلىكى بىلەن يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى جۇمھۇرىيەتنىڭ شېكەر بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى تەكشۈرگەندە، مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: قازاقىستاندا ئۆلكە يەرلەردىكى قىزىلچا تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان 200 مىڭ گېكتار يەردە ئالماشتۇرۇپ تېرىش يولغا قويۇلغان ئەھۋال ئاستىدا، سانائەتتە شېكەر ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان قىزىلچا تېرىش كۆلىمىنى كۆپەيتىپ 50 مىڭ گېكتارغا يەتكۈزۈش مۇمكىن، شۇنداقلا بۇ ئىنتايىن زۆرۈر، شۇنداق قىلغاندا قىزىلچىدىن بىر مىليون 500 مىڭ توننىدىن بىر مىليون 750 مىڭ توننىغىچە ھوسۇل ئالغىلى ۋە بۇ قىزىلچىلاردىن 150 مىڭ توننىدىن 200 مىڭ توننىغىچە شېكەر ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سەككىز شېكەر ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ كۈچىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش قىش مەزگىلىدە قىزىلچا خام ماتېرىيالىنى ئىمپورت قىلىپ ۋە پىششىقلاپ ئىشلەپ 550 مىڭ توننىدىن 600 مىڭ توننىغىچە شېكەر ئىشلەپچىقىرىش مۇمكىن. بۇ جۇمھۇرىيەت ھازىر 700 مىڭ توننىدىن 800 مىڭ توننىغىچە شېكەر ئىشلەپچىقىرالايدۇ دېگەنلىكتۇر. دېمەك بۇ سان پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ بىر يىلدىكى 600 مىڭ توننىلىق ئەڭ زور ئېھتىياجىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

لېكىن، ئەمەلىي ئەھۋال يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەسۋىرلىگەندەك ياخشى ئەمەس. 1986-يىلدىن 1990-يىلغىچە بولغان يىللىق ئوتتۇرىچە سەۋىيىنى سېلىشتۇرغاندا، 1996-يىلى قىزىلچا تېرىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى 33.3%، قىزىلچا مەھسۇلات مىقدارى 70%دىن كۆپرەك ئازىيىپ كەتكەن. جۇمھۇرىيەتتىكى قىزىلچىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى ھەر بىر گېكتار يەردىكى 27مىڭ 900 كىلوگرامدىن 11مىڭ 800 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالغان. 1996-يىلدىكى شېكەر مەھسۇلات مىقدارى 1990-يىلدىكىگە قارىغاندا 60% ئازىيىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، قازاقىستاندا قىزىلچا ئۇرۇقىمۇ كەم بولۇپ، ئۇكرائىنا،

قىرغىزستان، گېرمانىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلماقتا.

ھازىرقى بۇ ئەھۋالغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. چۈنكى قازاقىستاندا شېكەر ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شەرتلىرى تولۇق، غايەت زور ئىستېمال بازىرى بار تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش يەنىلا ئارقىغا چېكىنمەكتە. ھۆكۈمەت ھازىر بۇ نۇقتىئىنەزەردىن پايدىلىنىپ بۇنى شېكەر ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ھازىر قازاقىستاندا شېكەر ئىشلەپچىقىرىش ھەقىقىي پايدىلىقمۇ؟ ئۇنىڭ خەۋپ-خەتىرى بارمۇ-يوق دېگەننى مۇلاھىزە قىلىپ ئېنىقلاشقا ئەرزىيدۇ.

تەييار شېكەر كىرگۈزۈش بىلەن ئۇخشىمايدىغىنى قازاقىستان شېكەر ئىشلەپچىقىرىشتا كېرەكلىك خام ماتېرىيالنى كىرگۈزگەندە، تاموژنا بېجى تاپشۇرمايدۇ. شۇڭا دۆلەت ئىچىدە پىششىقلاپ ئىشلىگەندە كۆپ پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. قازاقىستاندا شېكەر ئىشلەپچىقارغاندا ئۇنىڭ قىممىتى ئاشقان بېجى رۇسىيىنىڭكىدىن بىر ھەسسە، قىرغىزستانىڭكىدىن سەل يۇقىرى بولىدۇ. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا شېكەر قومۇشىنى خام ماتېرىيال قىلىپ شېكەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەننەرخى قىزىلچىنىڭكىگە قارىغاندا تۆۋەنرەك بولىدىكەن. يەر ئىگىلىرى قىزىلچىدىن كىرىدىغان كىرىمنى تۆۋەن دەپ قارىغاچقا، قىزىلچا تېرىلىدىغان يەرلەرگە ئەمگەك كۈچى سەرپىياتى بىر قەدەر ئاز بولغان دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىشقا باشلىغان. ھازىر، زاۋۇت خوجايىنى قوبۇل قىلالىغۇدەك شېكەر باھاسى بارلىققا كەلگەندە، ھۆكۈمەت ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى قوغداش چارە-تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا باشلىدى. مانا بۇنى ئۆز ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، 1996-يىلى زىيان تارتقان نۇرغۇنلىغان شېكەر ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى ھازىر مەبلەغ بولمىغاچقا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيۋاتىدۇ. باشقۇرۇش شىركىتىمۇ ئۆزىنىڭ تارتقان زىيىنى ئېسىدە بولغاچقا مەبلەغ سېلىشقا ئالدىرىمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار دۆلەتنىڭ يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلار مەيدانىدا تۇرۇش-تۇرماسلىقىغا ئىشىنەلمەيدۇ.

قازاقىستاننىڭ شېكەر ئىشلەپچىقىرىشتا كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مۇئاۋىن زۇڭلى چاقىرغان يىغىندا چ ِ تۇم ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىككى تۈرلۈك ئاساسىي ۋەزىپە بەلگىلەندى: يېقىنقى مەزگىلدە ئورۇنلىنىدىغان بىر ۋەزىپە شېكەر بازارلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش، يەنە بىر ۋەزىپە شېكەر ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش بولۇپ، بۇ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىدۇر.

بازارنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ۋە ئالدى بىلەن شېكەر باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، قانۇن تۇرغۇزۇش ئۇسۇلىنى ئاكتىپ قوللىنىپ مونوپول تىجارەت بىلەن كۈرەش قىلىشنى پىلانلاش، شۇنداقلا دۆلەت زاپاس ساقلاپ قويغان شېكەرنى تۆۋەن باھادا سېتىپ، يېقىن قوشنا دۆلەتلەردىن شېكەر ئىمپورت قىلىش مىقدارىنى كۆپەيتىپ شېكەر كەملىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك.

بۇندىن كېيىن ھازىرقى ئەھۋالنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىۋېرسال چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ شېكەر ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. شېكەر زاۋۇتلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان لېكىن ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتمايدىغان شىركەتلەر بىلەن

تۈزگەن كېلىشىم ئەمەلدىن قېلىشى مۇمكىن. زاۋۇتنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان شىركەتلەرنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈش، لېكىن پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا قويۇپ بەرمەسلىك كېرەك. مۇئاۋىن زۇڭلى شۇتىياپىۋ 1997-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوچۇق-ئاشكارە خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلى بىلەن خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شېكەر زاۋۇتلىرى كېلىشىم شەرتلىرىگە ئەمەل قىلغان باشقۇرۇش شىركەتلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى كېرەك.

قازاقىستاندىكى شېكەر زاۋۇتلىرىنىڭ خوجايىنلىرىدا شېكەر ئىشلەپچىقىرىشتىن كىرىدىغان كىرىمگە نىسبەتەن تەشۋىشلىنىشنى يوقىتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى قوللاش سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلىشنى ئويلاشماقتا.

يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ قىزىلچا تېرىش كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، شېكەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى خام ماتېرىيالنى ئىمپورت قىلىش بېجى ئېلىش ۋە قىزىلچا ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا قەرز پۇل بېرىشتەك بىر قاتار رىغبەتلەندۈرۈش چارىلىرىنى قوللىنىش كېرەك.(01)

# جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقى مۇھاكىمە يىغىنى

جۇڭگو پەن-تېخنىكا مىنىستىرلىكى 1998-يىلى 9-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە «جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئارىسىدىكى پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقى مۇھاكىمە يىغىنى» نى ئاچتى، بۇ يىغىننى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرۇپ تەشكىللىدى. يىغىنغا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ھەر بىرىدىن 2-3 كىچە پەن-تېخنىكىغا مەسئۇل ئەمەلدار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ۋەكىللىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، پەن-تېخنىكا مىنىستىرلىكى، دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئەلچىخانىلىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىدىن بولۇپ، تەخمىنەن 40 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

بۇ قېتىملىق يىغىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ساقلاپ قېلىپ ۋە كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزدىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ۋە دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئېچىلغان. (03)

# قازاقىستان بىلەن قىرغىزستان «مائارىپنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى» توغرىسىدا يىغىن ئاچتى

«مائارىپنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى» توغرىسىدىكى بىرلەشمە يىغىن قازاقىستاننىڭ ئارفالاب دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتىدا ئېچىلدى.

بۇ يىغىننى قازاقىستان ئارفالاب دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى، قازاقىستان ئارفالاب دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى مېخانىكا ۋە ماتېماتىكا تەتقىقات ئورنى، ئالما-ئاتا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى بىرلىكتە تەشكىللەپ ئۇيۇشتۇردى.

يىغىندا ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇشتىكى جىددىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىپ مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئەڭ يېڭى ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ئوقۇتۇش جەريانىنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش مۇلاھىزىسىگە ئاساسەن ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر يېڭى بىلىملەرنى ئوقۇتۇشقا جىددىي ئېھتىياجلىق، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

بۇ يىغىنغا قاتناشقانلاردىن قازاقىستان ۋە قىرغىزستاننىڭ ھەرقايسى ئىلىم-پەن ئورگانلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئالما-ئاتادىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى (قازاقىستان ۋە قىرغىزستاندىكى بىشكەك قاتارلىق 15 شەھەردىن جەمئىي 187 كىشى) بار. پەن-تېخنىكا ۋەكىللىرى يىغىندا، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر نۆۋەتتىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مائارىپ دۇچ كېلىۋاتقان مەخسۇس ئۇچۇر دەۋرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يېڭى مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئالماشتۇردى. مۇھاكىمە جەريانىدا مۇتەخەسسىسلەر يەنە كومپيۇتېر تەقلىدىي ئوقۇتۇشى ۋە كومپيۇتېر ئارقىلىق ئىجتىمائىي-گۇمانىتار پەنلەر تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىلمىي دوكلات بەردى.

قازاقىستان ۋە قىرغىزستاندىكى ئۇچۇر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى كومپيۇتېر ئوقۇتۇشى مەسىلىسىنى بىرلىشىپ ھەل قىلىپ، ئورتاق پەن-تېخنىكا پروگراممىسىنى بەرپا قىلىپ بىردەك پىكىرگە كەلدى. ئوقۇتقۇچىلار بۇندىن كېيىن ۋاقتى-ۋاقتىدا يىغىن ئېچىپ، كومپيۇتېرنىڭ بىر قاتار دەرسلىرىنى ئوقۇتۇش تەجرىبىسىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، مائارىپنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە پروگراممىسىنى ئورتاق تەتقىق قىلىدىغان بىرلىككە كەلگەن سانلىق مەلۇمات ئىسكىلاتىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. (03)

# قازاقىستان GSM ئالاقىلىشىش سىستېمىسى قۇرماقچى

1998-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى قازاقىستان دۆلەتلىك تېلېگراف شىركىتى قاتناش ترانسپورت مىنىستىرلىكى تارقاتقان يەر شارى خاراكتېرلىك رەقەملىك كۆچمە ئالاقە سىستېمىسى (GSM) ئارقىلىق ھەرە كۆڭنىكسىمان تېلېفون ئالاقە تورى مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشكە رۇخسەت قىلىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى. شىركەت لىدېرى سېرىك بۇرجىتبايېۋ بۇ خىلدىكى زامانىۋى رەقەملىك ئالاقە سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق ئىككى ئارتۇقچىلىقى بار، بىرى رادىئو چاستوتىسىدىن «ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئۈنۈملۈك» پايدىلانغىلى بولىدۇ، ئىككىنچىسى تورغا كىرگەن تېلېفونلارنىڭ ھەر قاندىغىنى ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئىشلەتكىلى بولىدۇ دېدى.

ئېرىشكەن ئىجازەتنامىگە ئاساسەن، قازاقىستان دۆلەتلىك تېلېگراف شىركىتى ئىشلىتىدىغان رادىئو چاستوتىسى 900 مېگا گېرتس بولۇپ، شىركەت بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا 16 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۆلىدى.

بۇرجىتبايېۋ ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، پرېزىدېنت ھۆكۈمىتىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا بۇ خىل ئالاقە قورالىنى ھەقىقىي باھاسى بويىچە ئورنىتىپ بېرىش ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن.

قازاقىستان قاتناش-ترانسپورت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى يېركىن كارىبېۋ: ئىجازەتنامىگە ئېرىشكەن قازاقىستان دۆلەتلىك تېلېگراف شىركىتى «تېلېفون ئالاقە تورىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېلىشىمى» ئۇنىڭغا بەرگەن ئالاھىدە رۇخسەت قىلىش ھوقۇقىدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ۋاز كەچتى. بۇ يەر شارى خاراكتېرلىك رەقەملىك كۆچمە ئالاقە سىستېمىسى (GSM) نىڭ باشقا يوشۇرۇن تىجارەتچىلىرىنىڭ ئوخشاش شەرت ئاستىدا 1998-يىلى 7-ئاينىڭ 31-كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن خېرىدار چاقىرىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى دېدى. قازاقىستان دۆلەتلىك تېلېگراف شىركىتى «ھەممىدىن ئاۋۋال ئىلتىماس قىلغۇچىلار» غا بېرىلىدىغان ئېتىبار بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. شىركەتنىڭ لىدېرى بۇرجىتبايېۋ ئەپەندى: «بىزنىڭ ئالاھىدە رۇخسەت قىلىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشىمىز شىركەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭ-سېزىمىنىڭ ئىسپاتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىزنىڭ ئەمەلىي كۈچىمىز بارلىقىنى، رىقابەتكە قاتنىشىشتىن قورقمايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ» دېدى.

GSM سىستېمىسىدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئىلغار ئالاقىلىشىش تېخنىكىلىق ۋاستىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندە، كارىبېۋ ئەپەندى ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ، قازاقىستان «ھەرە كۆڭنىكسىمان ئالاقە دەۋرى» نى كۈتۈۋالدى، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ 1998-يىلى

(ئاخىرى 35-بەتتە)

# قازاقىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىزدا

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى خۇياشىننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قازاقىستان پەن-تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى كېمباييۇ باشچىلىقىدىكى ئۈچ كىشى 1998-يىلى 10-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا زىيارەتتە بولدى.

بۇ قېتىمقى زىيارەت قازاقىستاننىڭ پەن-تېخنىكا ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر بىلەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ پەن-تېخنىكا ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىشىدىغان بىر قېتىملىق مۇھىم ئۇچرىشىش بولدى. ئىككى تەرەپ كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئومۇمىي كېلىشىم لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ئالىم، مۇتەخەسسىس، سودىگەر ۋە كارخانىچىلارنى ئالماشتۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىم، ئاشكارە ھالدا پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش توختىمى ئىمزالىدى ھەم ئىككى تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكى خەنزۇچە-رۇسچە سۆھبەت خاتىرىسىگە قول قويۇشتى. ئىككى تەرەپ كېلەر يىلى قازاقىستاننىڭ ئالما-ئاتا شەھىرىدە جۇڭگونىڭ ئىلغار مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. زىيارەت جەريانىدا، مېھمانلار يۇقىرى يېڭى تېخنىكا رايونى ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى بىر قىسىم كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇلار رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بەكمۇ قىزىققانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ قېتىمقى زىيارەتتە ھەر ئىككى تەرەپ سۆھبەت جەريانىدىكى سەمىمىيلىكتىن ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەردىن رازى بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن ئىككى تەرەپ يەنە پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى زىچ ئېلىپ بېرىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.(02)

# رۇسىيە ئاشلىق ئىمپورت قىلىشنى كۆپەيتمەيدۇ

رۇسىيە يېزا ئىگىلىك ۋە يېمەكلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سېمىيونوۋ يېقىندا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: بۇ يىل گەرچە رۇسىيىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئۆتكەن يىلدىكىدىن ئۈچتىن بىر قىسىم ئازايغان بولسىمۇ، بىراق چەتئەلدىن كۆپلەپ ئاشلىق سېتىۋېلىشنى ئويلىمايدۇ.

رۇسىيە يېزا ئىگىلىك ۋە يېمەكلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پەرىزىگە قارىغاندا، رۇسىيىنىڭ بۇ يىللىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 56 مىليون توننىدىن ئاشىدىكەن، ئەكسىچە ئۆتكەن يىلدىكىدىن 24 مىليون توننىدىن كۆپرەك ئازلايدىكەن.

سېمىيونوۋ مۇنداق دېدى: رۇسىيىنىڭ بۇ يىللىق ئاشلىق ئىمپورت نورمىسى ئۆتكەن يىلدىكىگە ئوخشاش بولۇپ، 3 مىليون توننىدىن ئاشمايدۇ. ئۆتكەن يىلقى ئاشلىق زاپىسىنى (20 مىليون توننىدىن 22 مىليون توننىغىچە) نەزەردە تۇتقاندا، دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجنى قاندۇرالايدىكەن.(02)

# رۇسىيەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان 99 ـ يىللىق خەلقئارا كۆرگەزمىلەر

1999 ـ يىلى موسكۋا خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا كۆرگەزمىلەرنىڭ كۈن تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە:

11 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئىستېمال بويۇملىرى يەرمەنكىسى

2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە:

6 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا يېمەكلىك ۋە يېمەكلىك خام ئەشيالىرى كۆرگەزمىسى

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە:

9 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا سائەت، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى

3 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا كۆزئەينەك كۆرگەزمىسى

4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە:

10 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا خۇرۇم، ئاياغ كىيىم تۈرلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە:

11 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئالاقە ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى

5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە:

4 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئالاھىدە قاتناش قوراللىرى كۆرگەزمىسى

10 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا داۋالاش ئەسۋابلىرى كۆرگەزمىسى

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە :

8 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئېلېكترون تېخنىكىسى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ماتېرىيال كۆرگەزمىسى

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە:

7 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارالىق ئىستېمال بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى

4 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ياۋروپاچە ئاددىيغىنە ئۆي ـ ئىمارەت ، بىناكارلىق دېتاللىرى ۋە ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش سىستېمىسى كۆرگەزمىسى

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە:

1 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئەينەك كۆرگەزمىسى

9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە:

10 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا خىمىيە كۆرگەزمىسى

5 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا شەھەر ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى كۆرگەزمىسى

7 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ۋە قۇرۇلۇش سەنئىتى كۆرگەزمىسى

10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە:

4 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، يېمەكلىك پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرى، سودا ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەر ۋە ئوراش تېخنىكىسى كۆرگەزمىسى

10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە:

9 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا بانكا ۋە ئىشخانا ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى

10 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا كومپيۇتېر ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى كۆرگەزمىسى

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە:

11-نۆۋەتلىك خەلقئارا خۇرۇم، ئاياغ كىيىم ئۆرلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى كۆرگەزمىسى

10-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 23-كۈنىگىچە:

5-نۆۋەتلىك خەلقئارا مۇزىكا ئەسۋابلىرى ۋە سەھنە ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى

11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 5-كۈنىگىچە :

5-نۆۋەتلىك خەلقئارا باللار بېمەكلىكلىرى ۋە بويۇملىرى كۆرگەزمىسى

7-نۆۋەتلىك خەلقئارا ئېلان كۆرگەزمىسى.

11-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە:

11-نۆۋەتلىك خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى كۆرگەزمىسى

11-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە:

9-نۆۋەتلىك خەلقئارا داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، دورا ۋە ساقلىقنى ساقلاش كۆرگەزمىسى

ئادرېسى:

EXPOCENTR EXHIBITTON COMPLEX,14,
KRASNOPRESNENSKAYA
NAB 123100,MOSCOW,RUSSIA

تېلېفون نومۇرى:2057145

فاكس نومۇرى:2056614

E-MAIL (كومپيۇتېر تور ئادرېسى):

CENTR@EXPOCENTR.RU

## ئەقلى خۇلاسە

گېنرال ئەسكەردىن سوراپتۇ: «لوستوف، ئېيتىپ باقە، ۋەتەن دېگەن نېمە؟»

«دوكلات گېنرال، ۋەتەن ئۇ ئانام!» لوستوف تەمكىن جاۋاب بېرىپتۇ.

«توغرا، ئىنتايىن ياخشى جاۋاب بەردىڭ» دەپتۇ گېنرال رازى بولۇپ.

«لوك سەن دەپ باقە، ۋەتەن دېگەن نېمە؟» گېنرال ئۇلاپلا يەنە بىر ئەسكەردىن سوراپتۇ .

«دوكلات گېنرال، ۋەتەن ئۇ لوستوفنىڭ ئانىسى »

## ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن-دە

ئاشخانىدا بىر خېرىدار ئەمدىلا كەلتۈرۈلگەن بولكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، خوجايىندىن نارازى بولۇپ :« تۈنۈگۈن بېگەن بولكام بۈنىڭدىن ئىككى ھەسسە چوڭ، ئۈچ ھەسسە قېلىن، ئەمما بۈگۈنكى نېمانچە ۋاللا كىچىك» دەپ سوراپتۇ.

خوجايىن چۈشەندۈرۈپ: «چۈنكى تۈنۈگۈن سىز دېرىزە يېنىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغانىدىڭىز، بازاردا كېتىۋاتقان كىشىلەر ئۈستەل ئۈستىدىكى نەرسىنى ئېنىق كۆرىدۇ، شۇڭا ئۇ ئورۇندا ئولتۇرغان خېرىدارغا چوڭ بولكا بېرىمىز».

## جىڭغا سېلىش

لى بوۋاي تۈنجى قېتىم سەھرادىن شەھەرگە كىرگىنىدە دىرېكتور بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئوغلى دادىسىنىڭ «كۆزىنى ئېچىپ قوياي» دەپ ئۇنى شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ مېھمانخانىغا - بايلار مېھمانخانىسىنىڭ 18-قەۋىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، لېكىن لى بوۋاي قەۋەت نومۇرى كۆرسەتكۈچنىڭ توختىماي ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىدا تۇرغان ئوغلىدىن پەس ئاۋازدا سوراپتۇ: «سىلەر شەھەرلىكلەر مېھمانخانىدا ياتساڭلار ئۆزەڭلارنى جىڭغا سالامسىلەر؟»

## سۆزلەشنى چەكلەش

ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالى ئېرىدىن سوراپتۇ: « سىزگە نېمە بولدى،

كىچىچە جۈيلۈپ نەق بىرنىمىلەرنى دەپ كەتتىڭىزغۇ؟» ئېرى غودىراپ: «كۈندۈزىغۇ سۆزلىشمىنى چەكلىدىڭىز، ئەجەبا كەچتە سۆزلىشمىكمۇ رۇخسەت يوقمۇ؟»

## قەھۋە سۇزۇش

ئانىسى كىچىك بىللىنى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ، ئۆزى دېرىسلىرىنىڭكىگە چىقىپ كېتىپتۇ، ئانىسى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ كىچىك بىللىنىڭ قەھۋە دەملەپ ئىچىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئانىسى سوراپتۇ: «قەھۋە سۇزگۈچنى قەيەردىن تاپتىڭ؟»

كىچىك بىللى جاۋاپ بېرىپتۇ: «سۇزگۈچ ئىشلەتمىدىم ئانا، چۈنكى پالاقتا سۈزدۇم»

ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

كىچىك بىللى تېزدىن چۈشەندۈرۈپ،: «ئانا جىددىيلەشمەڭ، مېنىڭ ئىشلەتكىنىم كونا پالاق» دەپتۇ.

## ئوخشاش

بىر ئەر بولكىخانىغا كېلىپ:

ـ ماڭا بىر پارچە بولكا بېرىڭ.

ـ قارا بولكىمۇ ياكى ئېقىمۇ؟

ـ ئوخشاش، مەن بىر ئەما كىشىگە ئالماقچى.

## سۆزلىشىش

مارك دېڭىز-ئوكيان شىركىتىگە خىزمەتكە كىرىپتۇ، ئۇ بىرىنچى قېتىم دېڭىزغا چىققاندا ئىنتايىن ھاياجانلىنىپتۇ، ئەمما يوك پاراخودى دېڭىزدا بىر ئاي يۈرۈپمۇ قۇرۇقلۇققا بارالمىغىنىدا ئۇ ئىنتايىن بىئارام بوپتۇ.

كاپىتان ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ـئوغلۇم سەن ئۆيلەنگەنمۇ؟

ـياق، بىراق تويلۇقنى پۇتتۇشۇپ قويغان.

ـئەمەلىيەتتە توي قىلىش ھاجەتسىز. پاراخودىمىز سېنىڭ ئاياللىقىڭغۇ، ئۇ ساڭا ئاش-تاماق، قونالغۇ بېرىۋاتىدۇ ھەمدە سېنى بىر ئۆللۈق ئائىلىگە ئىگە قىلىدۇ...، ئوغلۇم ساڭا يەنە نېمە كېرەك؟»

ـئاجرىشىمەن.

مارك قىلچە ئىككىلەنمەي جاۋاب بېرىپتۇ.

ئابدۇرېشىت قادىر (ت)

(بېشى 39-بەتتە)

ئامېرىكىنىڭ Dimon شىركىتى بىلەن تۈركىيىنىڭ Syne—Ly tagaret turk شىركىتى قىرغىزستان ئۈچۈن تاماكا سانائىتىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا تەپسىلىي پىلان تۈزۈپ بەردى. بۇ پىلان ئۈچۈن نەچچە 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كېتىدۇ. ئەگەر بۇ پۇللار بولىدىغان بولسا تاماكا ئۆستۈرگۈچىلەر ئۇرۇق بىلەن ئوغۇت جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

پىلاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى ئاساسەن ياخشى پىكىرلەر، بىراق مۇنداق بىر ئەمەلىيەتنىمۇ كۆرۈش كېرەك. قىرغىزستان تۇپراقلىرىدا ئۆستۈرۈلگەن تاماكىلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە چەت ئەلگە چىقىرىلىپ، ئېسىل سىگارېت قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن ناھايىتى تېز لا قىرغىزستانغا كەلتۈرۈلىدۇ، باھاسى ئەلۋەتتە دۆلەت ئىچىدىكى تاماكىلاردىن كۆپ يۇقىرى، تاماكا ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مۇشكۈل خىزمەتتە كېلىدىغان پايدا چەت ئەللىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. چەت ئەللىكلەر قىرغىزستان ھۆكۈمىتىدىكى ئەخمەق بيۇكراتلارغا يەنە بىر قېتىم سەۋىيىلىك دەرس ئۆتۈپ بەردى.(02)

## «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى دۆلىتىمىزدە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى، شۇنداقلا قانۇن - بەلگىلىمىلىرىنى خەۋەر قىلىدىغان بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر ژۇرنىلىدۇر. ژۇرنىلىمىز مەملىكەت ئىچىدە ئاشكارە تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر مۇشتەرى بولۇش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسىڭىز مۇشتەرى بولۇش ھەققىنى بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ.

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇرلۇق قورا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

تېلېفون نومۇرى: 0991 - 3837994

پوچتا نومۇرى: 830011

ئالاقىلاشقۇچى: مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم



# 《中亚信息》(维吾尔文) ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

双月刊

قوش ئايلىق ژۇرنال

---

主办单位:新疆维吾尔自治区科委
海宇国际集团
出版单位:新疆科技情报研究所
《中亚信息》杂志社
印　刷:新疆科技报印刷厂
总发　行:乌鲁木齐邮政局
订　阅:全国各地邮局(所)
邮政代号:58 — 132
电　话:(0991) 3837994
地　址:乌鲁木齐市北京南路
40号附8号
邮政编号:830011
定　价:3.00元/册
国内同一刊号:CN65 — 1133/N

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى
خەييۈي خەلقئارا گۇرۇھى
نەشر قىلغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا
ئاخبارات تەتقىقات ئورنى
تۈزگۈچى: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى» باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتىخانىلار
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 132
تېلېفون نومۇرى: (0991) 3837994
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40-نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830011، باھاسى: 3.00 يۈەن
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن
ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1133/N